# XYOUTH

新疆青年

3

1998



ئوت ئوغلى

بىمار ئەسەللىيگە مۇھتاج

ھاياتلىقنىڭ تىنچ بەلگىسى

شىنجاڭ چىلىشچىلىرىغا نېمە بولدى

بۈگۈنكى ياپونىيە ·
«پادىشاھ سامۇرايلىرى» قانداق ياشايدۇ

# شىنجاڭ ياشلىرى

ISSN 1002-9109
03>
9 771002 910000

# بەدىئىي سۈرەتلەردىن تاللانما



↑ سېيىتنىياز سايىم فوتوسى



↑ ئۆركەش جاپپار فوتوسى

→ ئۆتكۈر نىجات فوتوسى





↑ ئادىل ئىسمائىل فوتوسى



گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: ئىسمائىل ئىبراھىم

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشىر ئەپكارى




زۇلپىيە قاھار
خەن لېەنيۇ فوتوسى

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)
دىرېكتور: مامىك
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: لى چيۈەن

## مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | |
|---|---|---|
| ئوت ئوغلى | تۇغلۇق دەۋران | 1 |
| 15 - قۇرۇلتاي ۋە ياشلارنىڭ تارىخىي بۇرچى | ئادىل ئابلەت | 5 |
| رىقابەت ئېكىمىزدىكى نۇقسانلار | ئابلىكىم ئابلىمىت | 9 |
| ھاياتلىقنىڭ تىنىش بەلگىسى | پاتىگۈل ئىسمائىل | 13 |
| ئوقۇتقۇچى ھامان قەدىرلىك | ئەيساجان تۇردى (ئاچچىق) | 17 |
| ئاياللار مەنىۋى بايلىقىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك | ماھنۇر ئىسمائىل | 21 |
| مەن نېمە ئۈچۈن باي بولالمايمەن | | 23 |
| بىمار تەسەللىيگە مۇھتاج | ھاياتنۇپۇس مۇھەممەد | 25 |
| شىنجاڭنىڭ چېلىشچىلىقىغا نېمە بولدى | قەيسەر پەيزۇللا | 27 |
| بۈگۈنكى ياپونىيە . «پادىشاھ ساموراىلىرى» قانداق ياشايدۇ | ئەبەيدۇللا ئىبراھىم | 33 |
| «تەكلىماكان» نامى توغرىسىدا يېڭى بايقاش | مەتتۇرسۇن مەتقاسىم | 39 |
| «ھېلىقى ئادەم» | ئەسقەر داۋۇت | 45 |
| «رورەننىڭ بايقىلىشى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارغا ئىزاھ»قا ئىككى كەلىمە سۆز | مۇھەممەت توختى | 49 |
| چېنىقىشقا سەل قارىماڭ | نىجات يۈسۈپ | 53 |
| ئۆيىدىن ھەيدەلگەن ئەر (ھېكايە) | رۇسۇل ئىمىن | 55 |
| بىر چاغلار (شېئىر) | پاتىگۈل سەمەت | 60 |


مۇقاۋىدا: ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياش»نىڭ بىرى زۇلپىيە قاھار

سىياسىي، نەزەرىيىۋى، پەننىي، ئەدەبىي خاراكتېردىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشىر قىلىنىدۇ، ھەر ئاينىڭ 1- كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ. مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرى«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، شىنجاڭ ياشلىرى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.
(مۇئاۋىن بۆلۈم مەسئۇلى: ئۆركەش ئىبراھىم، گۈزەل سەنئەت تەھرىرلىرى: ئى. ئىبراھىم، ھ. ھاجى)

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

بىر زەررە ئۇغمۇ كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ، بىر زەررە ئۇتمۇ بەدەننى كۆيدۈرىدۇ.

**- مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى**

يامان بىلەن ياخشىنىڭ ئارىسىدا كۆپ پەرق بار، 2 كېمىنىڭ بېشىنى تۇتقان كىشى سۇدا غەرق بولىدۇ.

**- ئەلشىر نەۋايى**

ئىنسانلارنىڭ ياخشى - يامانلىقى ئارزۇ بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، ياخشى - يامان ئىشنىڭ جاۋابى كېچىكمەي كەتمەيدۇ. تىكەن تېرىغان ئادەم ئۈزۈم ئالالمىغاندەك، يامانلىق قىلىپ، ياخشىلىق كۈتۈش بىھۇدىلىكتۇر.

**- ئەھمەد يۈكنەكى**

كىمكى كىشىلەرنى قەستلىسە، ئۇ مۇناپىقتۇر.

**- مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى**

ياخشى ئىشلارغا ئېغىرلىق قىلمىغىن، يامان ئىشلارغا يېنىكلىك قىلمىغىن.

**- مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى**

يامانلىق قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەر.

**- ئەلشىر نەۋايى**

يەرگە نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن، نېمىنى بەرگەن بولساڭ شۇنىلا قايتۇرۇۋالىسەن.

**- يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

يامان ئىش قىلىش، بېخىللىق، ئۇنتۇغاقلىق. يالغان سۆزلەشتىن شەرمى - ھايا قىلغىن، ياخشى ئىش قىلىش، ياخشى سۆزلەشتىن ھەرگىز نومۇس قىلمىغىن، ياخشىلىق ۋە ئۇبدانلىقنىڭ ئېپتىداسى نومۇس، شەرم - ھايادۇر، يامانلىقنىڭ ئېپتىداسى نومۇسسىزلىقتۇر.

**- مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى**

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

جاھان ھادىسىلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى كۆپ خىل ۋە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىق ۋە يامانلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك، پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلەر بولىدۇ.

**- ئەبۇ نەسىر فارابى**

ياخشى قىلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئال، يامانلىقتىن ئۆزۈڭنى نېرى تارتقىن.

**- ئەھمەد يۈكنەكى**

كىمكى بىراۋغا ئورا قازسا، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزىنى شۇ ئورىغا ئىتتىرىدۇ.

**- مىرزا مەخمۇد جوراس**

يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن ھەمىشە ئېھتىيات قىل، ئېھتىياتسىزلىق — نادانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

**- مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى**

خەلق كىمدىن قاچسا، ئۇنى ئادەمنىڭ ئەڭ يامىنى دەپ بىل.

**- ئەلشىر ناۋايى**

ئامانلىقنى ئىزدىسەڭ، خەلق ئالەمگە كۆپرەك ياخشىلىق قىلغىن.

**- مەھەممەد بىننى ئابدۇللاخاراباتى**

كىشىلەرنى خار ئەيلىگەن ئادەم قەيەرگىلا بارمىسۇن، ئۆزى خارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ.

**- مىرزا مەھمۇد جوراس**

كىمنىڭ يارى (ئۈلپىتى) يامان بولسا، ئۇ ئاشۇ ياماندىن مىڭلارچە زىيان - زەھمەت كۆرىدۇ.

**- ئەھمەد غۇجامنىياز ئوغلى قىسۇرى**

(«مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى»ناملىق كىتابتىن خىلىل تەييارلىدى)



# ئوت ئوغلى

★ ئوغلۇق دەۋران ★

**6** 199 ـ يىل باھار بايرىمى. ئۈرۈمچى خەلقى چەكسىز شاد ـ خۇراملىق ئىلكىدە بايرام پەيزىنى سۈرۈۋاتقان پەيتتە، شەھەر مەركىزىدىكى شەھەرلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا بىر قارا كۆلەڭگە، بىر قورقۇنۇچلۇق، ۋەھىمىلىك جەريان داۋام ئەتمەكتە ئىدى. مەزكۇر قورۇ مەلۇم ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدە ئولتۇرۇشلۇق خەنزۇ يىگىت ×× سۆيگۈنى بىلەن بولغان ئەرزىمەس كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولىدۇ. ئىچىمۇ يامان يېرى، ئەسەبىيلەشكەن بۇ ياش ئاچچىقىنى باسالمىغان ھالدا 10 كىلوگرام بېنزىننى ئۆي ئىچىگە تەكشى تۆكۈپ، 2 گاز تۇڭىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ، 2 قولىغا 2 چاقماقنى ئېلىپ ۋەھشىيانە ئۇسۇل بىلەن پارتلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزى بىلەن بىر بىنادا ئولتۇرۇشلۇق 36 ئائىلىدىكى 150 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھايات ـ ماماتىنى قىلچە ئويلىمىغانىدى.

قورقۇنۇچلۇق، تولىمۇ ۋەھىمىلىك بۇ جەريان داۋام ئەتمەكتە، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىنا سىرتىدا تۇرۇپ زامانىۋى ئاۋاز كۈچەيتكۈچى ئەسۋابلارنىڭ ياردىمى بىلەن ×× نى نىيىتىدىن يېنىشقا دەۋەت قىلماقتا، بىنا ئىچىدە، گويا دوزاخنىڭ شوتىسىنى ئەسلىتىدىغان پەلەمپەيلەر ئۈستىدە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارىتىنى نامايان قىلىپ بۇ خەتەرلىك ۋەزىپىنى كەسكىنلىك بىلەن ئۈستىگە ئالغان بىر يىگىت زامانىۋى ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابى بىلەن جابدۇنغان بىر نەچچە ياردەمچى، ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا پەلەمپەيمۇ ـ پەلەمپەي ئاتلاپ يولۋاس ئۈگسىغا يېقىنلاشماقتا، ھاياتقا، ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلماقتا ئىدى. نىشان يېقىنلاشماقتا، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق گوياكى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدەك قىسقارماقتا ئىدى. ئۇ نىشانغا، 3 ـ قەۋەتتىكى ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن قىلچە شەپە چىقارماي ئىشىكنى ئاچتى ۋە

×× نىڭ دىققەتسىز تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ شوڭقاردەك ئېتىلىپ كەلگەن پىتى توشقاننى قامالىۋالغاندەك ئۇنى قامالىۋالدى... دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ پىداكارانە، مەردانە خاراكتېرى، خەتەردىن، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلىش روھى ئارقىلىق 100 نەچچە ئادەمنىڭ هايات ـ ماماتىغا، نەچچە 10 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي زىيانغا مۇناسىۋەتلىك بىر قېتىملىق زور پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئالدى.

1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىگە ئەسكەر قوبۇل قىلغىلى باردى. ئەپسۇس، ئۇ نىشانغا يېتىپ بېرىپ، خىزمىتىنى باشلاپ بىر هەپتە بولا ـ بولمايلا ئاپپېندىسىتنىڭ ئېغىر كېسەل ئازابىدا دوختۇرخانىدا قىينىلىپ ياتقانلىقى هەم ئۇنىڭ دەرهال يۇرتىغا قايتمىسا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا قايتا ـ قايتا تېلېفون، تېلېگراممىلارنى تاپشۇرۇپ ئالدى. دەرهال جابدۇنۇپ يۇرتىغا قايتىش كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى. ئەلۋەتتە يۇرتقا قايتىپ، مېهرىبان ئانىسى بىلەن دىدارلىشىۋېلىش كېرەك ئىدى... ئەپسۇس، قايتا ـ قايتا كەلگەن جىددىي تېلېگرامما، تېلېفونلار جاۋابسىز قالدى. ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ يۇرتىغا قايتىپ بارغاندا بولسا، ئۇنى كۈتىۋالغىنى بىر توپ هازىدارلار ۋە بۇ هازىدارلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىق هومىيىشلىرى، ئازابلىق ئاه ـ زارلىرى بولدى. شۇنداق، ئۇ خىزمەتنى، پارتىيە ئۇنىڭغا تاپشۇرغان خىزمەتنى دەپ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان، هاردىم ـ تالدىم دېمەي تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ قاتارغا قوشقان نىجاتكارىغا، كۆيۈمچان، مېهرىبان ئانىسىغا خوش دېيەلمىدى.

ئۇنداقتا بۇ يىگىت، بۇ ئالىيجاناب قەلب ئىگىسى زادى كىم؟ ئۇ تېخى ئەمدىلا 28 ـ 29 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، قوراللىق ساقچى قىسىم ئاپتونوم رايونلۇق ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى ئورۇمچى 1 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى، شۇجىسى دىلمۇراتتۇر.

دىلمۇرات ئۇچتۇرپان ناهىيىسىدىكى بىر ئادەتتىكى خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1987 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىغا قاتناشقان بولسىمۇ بىر نەچچە نومۇرى كەملەپ قالغانلىقى تۈپەيلى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بىراق تۇمەن مىڭ خىل قىسمەت، تەقدىرگە هامىلدار بۇ هايات ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلىك تۈپەيلى تېخى پۇشايمان قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن دۇرۇس نىيەتلىك بۇ يىگىتنى باشقا بىر تۇپراق، باشقا بىر ساهەگە، هەر قانداق بىراۋدىن يۇكسەك تەرتىپ، ئىنتىزام، يۇكسەك چىدام، غەيرەت، شىجائەت ۋە مۇستەهكەم ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان ئەسكەرلىك دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇ 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىم ئورۇمچى ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتىگە ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ مەشىق ۋە باشقا پائالىيەتلەردە سەبداشلىرىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. 1989 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش كوماندىرلار مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى ئىپادىسى ئىنتايىن ياخشى، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولغاچقا، شەرەپ بىلەن جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۆزى تەلەپ قىلىپ شارائىتى جاپالىق، قىيىنچىلىقى كۆپ، تەشكىلىي تۈزۈلمىسى چېچىلاڭغۇ، ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرى بويىچە ئۆلچەملەشتۈرۈشتىكى

كەيندە قالغان ئەترەت ـ ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوكزال ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە تەقسىم قىلىنىپ بارىدۇ ۋە بۇ ئەترەتنىڭ بەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كىچىك ئىنتىزام، قائىدە ـ تەرتىپ ئورنىتىپ، ئەترەتنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، ئىسلاھ قىلىش نەتىجىسىدە قىسقىغىنە بىر يىلدا، يەنى 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قىسىملارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە شىنجاڭدىكى 38 ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى بويىچە 1 ـ بولدۇ.

1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش، تەشكىللەشتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارى ۋە خىزمەت كۆرسىتىش، تۆھپە قوشۇشقا ياتىدىغان بىر قاتار نەتىجىلىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا ئەترەتكە مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقلىق ۋەزىپىسى بىلەن يۆتكەپ كېلىنىدۇ. بۇ ئەترەت ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق 6 مىللەتتىن 60 قا يېقىن كوماندىر ـ جەڭچىسى بار ئىدى. پائالىيەت، مەشغۇلات دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تەڭرىتاغ رايونى، شۇيمۇگو رايونى ۋە سايباغ رايونىنىڭ يېرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىڭ ئۈستىگە، بۇ ئورۇنلار شەھەر بويىچە ئەڭ كۆپ ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدىغان، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان ئەڭ كۆپ بولىدىغان سودا ـ سانائەت ۋە پۇل مۇئامىلە ساھەلىرى زىچ مەركەزلەشكەن جايلار ئىدى. شۇڭا ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرىدىن يۈكسەك ھوشيارلىقنى، تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە تېز سۈرئەت، سۈپەت كۆز قارىشى بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ بۇنداق زۆرۈرىيەت ئاستىدا ئالدى بىلەن ئەترەتتىكى كەڭ كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاپ، ئەسكەرلەردە كىچىك تەرتىپ ـ ئىنتىزام تۇيغۇسى ۋە ھوشيارلىق تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەسكەرلەرنىڭ كەسپىي ساپاسىنى، كەسپىي ماھارەت تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ھەممىدە ئەترەتتىكىلەرگە ئۈلگە، باشلامچى بولدى. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قاتار نەتىجە- تۆھپىلىرى بىلەن بۇ ئوتتۇرا ئەترەتكە ئەترەت باشلىقى ھەم شۇجى بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇردى. خىزمەت ئۈچۈن ئائىلىنى، تۇرمۇشنى ئۇنتۇدى. بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۇ شەھەر خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن ۋاز كەچتى. چوڭ ـ كىچىك 3000 قېتىمدىن ئارتۇق ئوت ئاپىتىدە ئۇ قەھرىمانلارچە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، دۆلەتنى مۆلچەرلىگۈسىز ئىقتىسادىي زىيان ۋە بىر تالاي ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىكتىن ساقلاپ قالدى.

شۇنداق، ئۇ دۆلەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، بىخەتەرلىك ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەت، مىننەت، تەمەدىن خالىي پاكىز ۋىژدانى بىلەن ئۆزىنى خىزمەتنىڭ، ھەربىي تۈزۈم ۋە ھەربىي مەجبۇرىيەتنىڭ ساداقەتمەن تۆھپىكارىغا ئايلاندۇردى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەترىتى 1995 ـ، 1996 ـ، 1997 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» ۋە «ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت» بولۇپ تەقدىرلەندى. ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرى بويىچە 3 قېتىم «3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئېلىندى. بۇ قېتىم ئۇ ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن شەرەپ بىلەن «مۇنەۋۋەر رازۋېتچىك» بولۇپ تەقدىرلەندى. (04)

(ئىسمائىل ئىبراھىم فوتوسى)

مارالبېشى ناھىيىسى ئاقساقمارال يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى.

بۇ ئىتتىپاق كومىتېتى ئالدى بىلەن يېزىدىكى 25 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى نىشانلىق تەربىيىلەش مەسئۇلىيەتنامىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ئىزچىل تۇردە كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى ھەمدە يەن- تېخىمۇ بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ بېيىش يولىغا قاراپ ماڭغان، سىياسىي ئىپادىسى ياخشى بولغان ياشلارنى ئالدىن تاللاپ، ئۇلارنى قەرەللىك ھالدا تەربىيىلىدى. ئىتتىپاققا كىرىشكە ئىلتىماس يازغان ۋە نىشانلىق تەربىيىلىنىۋاتقان ياشلارنى ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتە ئالغا بېسىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

نەتىجىدە، بۇ ئىتتىپاق كومىتېتى بۇلتۇر 7- ئايدىن بۇ يىل 1- ئاينىڭ 7- كۈنىگىچە 84 نەپەر ياشنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا قوبۇل قىلدى. (04)

(ئەركىن ئاۋۇت خەۋىرى)

قورغاس ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى؛ پېشۋانىرلار خىزمەت كومىتېتى ئوقۇش قورالىرى كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمايۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 1995- يىلدىن باشلاپ «ئۈمىد قۇرۇلۇشى»نى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، پۇل توپلاپ ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش يوللىرىنى ئېچىپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە مەكتەپلەردە «بىر پۇڭ پۇلنى تېجەپ بىر ئۇلۇش ھەققىي كۆڭلىنى تەقدىم قىلىش پائالىيىتى»نى قانات يايدۇرغاندى. بۇ پائالىيەت كەڭ پېشۋانىرلار ئەترىتىنىڭ ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ خىل پائالىيەتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈردى. پائالىيەت يولغا

قويۇلۇپ ھازىرغا قەدەر 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىئانە توپلاندى. بۇ ئارقىلىق ئوقۇش قورالىرى كەمچىل 121 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا ياردەم بەردى ۋە ئوقۇشتىن توختاپ قالغان نامرات ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىندى. (04)

(قاسىمجان ياسىن خەۋىرى)

بۇگۇر ناھىيە ئەشمە يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسى يېزا بويىچە بىرىنچى «تاماكا چېكىشكە قارشى» نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

مۇسابىقە جەريانىدا، ئىتتىپاق ئەزالىرى تاماكىنىڭ جىسمانىي، روھىي مۇھىتنى بولغاش قاتارلىق جەھەتتىكى ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى توغرىسىدا يېزىپ تەييارلىغان ماقالە، ناخشا، ئېپىزوتلىرىنى كوچىلارغا ئېلىپ چىقىپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئوقۇپ بەردى ھەم تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقاتتى. يەنە ياخشى يېزىلغان ماقالە، ناخشا، ئېپىزوتلارنى سۈرەتكە ئېلىپ تېلېۋىزوردىن پايدىلىنىپ پۈتۈن يېزىغا تارقىتىپ كەڭ ئاممىنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى. (04)

(پەرھات ئەشمە خەۋىرى)

يېڭىسار ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ھەرقايسى يېزا - بازارلىق ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرىنى قاتناشتۇرۇپ بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ناھىيىنىڭ 1997 - يىللىق ئىتتىپاق خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم تەكشۈرۈپ خۇلاسە قىلدى.

تەكشۈرۈش داۋامىدا نومۇر قويۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغان 3 يېزا - بازارلىق ئىتتىپاق كومىتېتى، 5 نەپەر ئىلغار ئىتتىپاق كادىرى، 10 نەپەر مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە 15 نەپەر ئىلغار ياشنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە مۇكاپاتلىدى ھەم تەقدىرلىدى. (04)

(ئا. ئەشرەپ، ئا.ئابدۇكېرىم خەۋىرى)

# 15 - قۇرۇلتاي ۋە ياشلارنىڭ تارىخىي بۇرچى

★ ئادىل ئابلەت ★

ياشلار ۋەتەننىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى، ئىنقىلابىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ ئىنقىلابىي ئەجدادلار باشلاپ بەرگەن داغدام يولدا دادىل قەدەم تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلار. ياشلار جەمئىيەتتىكى ئەڭ جۇشقۇن، ئەڭ قاۋۇل، ئەڭ ئىشەنچلىك كۈچ. بولۇپمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە غايەت زور رول ئوينايدۇ. بۈگۈنكى جۇڭگو ياشلىرى 21 - ئەسىردىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، خوجايىنلىرى، ئۈمىدى. 21 - ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى ئەنە شۇ خوجايىنلارنىڭ سىياسىي سۈپىتى، ئىدىيىۋى سۈپىتى، ئەخلاقىي سۈپىتى، بەدەن سۈپىتى، بىلىم سەۋىيىسى ۋە قۇرۇلمىسى، ئەمەلىي ئىقتىدارى، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ماھارىتى، ماسلىشىشچانلىقى، يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھى، ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، جارى قىلدۇرۇش، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە باغلىق. بۇ ماھىيەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ كەلگۈسىدىكى كەسكىن رىقابەتتە مەڭگۈ پۇت تىرەپ تۇرۇش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي ھەقىقىتىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ قىزىل بايرىقىنى مەڭگۈ ئېگىز كۆتۈرۈپ سوتسىيالىزم يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە، پۈتۈن پارتىيە، دۆلەت، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە.

ياشلار بۈگۈن ئۆزىمىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئالغان تارىخىي ۋەزىپىلىرىمىز، مۇقەددەس بۇرچىمىزنى تونۇپ يېتىشىمىز، سۆز - ھەرىكەتلىرىمىزنى، پائالىيەتلىرىمىزنى ئەنە شۇ ۋەزىپىلەرگە ماسلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

ياشلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلىرىنى، مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشتا ھەممىدىن بۇرۇن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق ئۆز ئىدىيىسىنى قوراللاندۇرۇشى، ھەربىر سۆز- ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. بۇمۇ ياشلارنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى ئەڭگۈشتەر.

بىلىش زۆرۈركى، ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولمىسا ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتمۇ بولمايدۇ. نەزەرىيە ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئىلغار ۋە توغرا نەزەرىيە كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلانغان ھامان غايەت زور ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چەكسىز زور ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. توغرا نەزەرىيىدىن ئايرىلغان ئەمەلىيەت نىشانسىز ئەمەلىيەت بولۇپ قالىدۇ. غەلىبە قازانغان كىشىلەر ۋە ئىنقىلابىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەجرىبىسىدىنمۇ شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز ياشلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى جەھەتلىرىدىن مەخسۇس ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنى، باشقۇرۇش ئىلمى، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى، جۇڭگونىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتى قاتارلىقلارنى چېتىرقىنىپ ئۆگەنمەي، كۈچەپ تەتقىق قىلماي تۇرۇپ دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنالمايمىز.

بەزى ياشلىرىمىز كۆپ ھاللاردا نەزەرىيە ئۆگىنىشكە، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە دىككەندەك ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ۋەزىيەتنى ئىلمىي ئاساستا كۆزىتىپ ئۆزىنىڭ كۆرەش نىشانى، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى، غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ ياكى ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە باشقا پائالىيەتلەردە زور غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ ياكى ئېرىشىدىغانلىرىمۇ ئاز. ئەكسىچە جان بېقىش پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىدە ھەممىگە شۈكرى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلارمۇ ياشلار ئارىسىدا ئاز ئەمەس. شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى ھەر خىل خاتا ئىدىيۋى خاھىشلار، چىرىك قىلمىشلار، دۈشمەنلەرنىڭ سۈيىقەستلىرىگە ۋاقتىدا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزمۇ يۇقىرى ئەمەس.

بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلابىي نەزەرىيە ئۇيۇقىتا تۇرسۇن ھەتتا پارتىيىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ئۆگىنىشكە، ۋەزىيەتنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىشقا قىزىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سىياسەت سەۋىيىسى، ھەر خىل مەسىلىلەرگە توغرا باھا بېرىش ئىقتىدارى تۆۋەن. ئۇلار سىياسىي جەھەتتە ئاددىي مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ئادىل ھۆكۈم قىلالمايدۇ. ئەقلىي خۇلاسىلەرنى چۈشىنىشى تېخىمۇ ئاستا ۋەھاكازالار. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار سىياسىي نەزەرىيىلەرنى، پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇش بىلىملىرىنى، زامانىۋى مەدەنىيىتىمىزنى ئۆگەنمەيلا قالماستىن بەلكى بىزنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز، دائىملىق ئىلگىرىلىشىمىز، بىلىم سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ يېڭىلاپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغان خەنزۇ تىلى، چەت ئەل تىللىرىنىمۇ ئۆگەنمەيدۇ. ئۇلار باشقا تىللارنىڭ بىز ئۈچۈن ھازىر ۋە كەلگۈسىدە نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە ياكى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. بىلىم يېڭىلاش، دەۋر، زامان تەلىپىگە لايىقلىشىش ھەققىدە ئويلاشمايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىز ئۇيغۇرلار جۇڭگو تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر، ھەممىدىن بۇرۇن ياشلار ئەنە شۇ تىللار ئارقىلىقلا دۇنيانىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسى، باشقۇرۇش ئىلمى، ئېلىمىزنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسى، باشقۇرۇش ئىلمى ۋە باشقا يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولالايمىز ۋە ئۇلارنى قوبۇل قىلالايمىز. چۈنكى مىللىتىمىز ھەر خىل تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېخنىكا، مەدەنىيەت جەھەتتە خېلى ئارقىدا قالغان. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىمىزنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى سەۋىيىسى مەلۇم دەرىجىدە ئۆسكەن بولسىمۇ لېكىن دۇنيادىكى جۈملىدىن جۇڭگودىكى ئىلغار مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا كۆپ ئارقىدا. بىزدە خالمۇراتقا ئوخشاش ياشلار تېخى ناھايىتى ئاز. مىللەتنىڭ، ھەممىدىن بۇرۇن ياشلارنىڭ ساپاسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ئاڭ سەۋىيىسى دەۋرنىڭ ھازىرقى زامان تەلىپىدىن خېلى يىراق. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى يەنىلا تەس. ئازادلىقتىن كېيىن بىر بۆلۈك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر جەمئىيەتكە ئاتلانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى چوڭ ئەمەس. ھەتتا بىر قىسمىلىرى ئادەتتىكى خىزمەتلەرنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالماي جەمئىيەت ئۈچۈن يۈك بولۇپ قېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ نەزەرىدىن، ئىشەنچىسىدىن ئايرىلماقتا. شۇڭا بىز 15 ـ قۇرۇلتاينىڭ ئىلمىي تۈرتكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىز ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىشىمىز، 21 ـ ئەسىرگە قانداق بارىمىز،

دۆلەتنى قانداق قۇرۇمىز، ئەجدادلىرىمىز باشلاپ بەرگەن يولنى قانداق داۋاملاشتۇرۇمىز دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكرار ئويلىنىشىمىز لازىم. ھەر بىر ياش مەن قانداق قىلىپ دەۋرنىڭ تەلپىگە ئويغۇنلىشالايمەن، دېگەن مەسىلىگە قاتتىق باش قاتۇرۇشى لازىم.

بىرىنچىدىن، ئالدى بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، قانۇنىيەتلىرى، قەدەم باسقۇچلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە، ھازىرقى زامان تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ماركسىزملىق سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مەسىلىلەرگە ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى، ئەنە شۇ نەزەرىيىنى قىبلىنامە قىلغان ھالدا زامانىمىزدىكى، دۆلىتىمىزدىكى ھەر خىل مۇرەككەپ يېڭى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشىمىز، ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشكە سەل قارايدىغان، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقىدىغان، بوغداي تېرىماي ئاق نان، قوي باقماي پاقلان يېيىشنى ئويلايدىغان ئىدىيىلىرىمىزنى يوقىتىشىمىز، ھەممىدە پۇلغا قارايدىغان، پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قارايدىغان ئىللەتلەرنى يوقۇتىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، 21 - ئەسىر بىز ياشلاردىن زامانىۋى بىلىملەر، ئاساسىي بىلىملەر، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا، يۇقىرى تېخنىكا، زامانىۋى باشقۇرۇش بىلىملىرى، ئۇچۇر نەزەرىيىسى، ھېسابلاش ماشىنىسى، تېخنىكىسى قاتارلىق كۆپلىگەن پەنلەرنى ئۆگىنىشنى ۋە ئۇنى ھەر خىل مەسىلىلەرگە تەتبىقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا كەسىپ ھالقىغان بىلىملەرنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، بىز ياشلار تۆۋەنكە، ئاساسىي قاتلامغا، خەلق ئارىسىغا، ئەڭ زۆرۈر بولغان جايلارغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردە چېنىقىپ كۈچ-قۇدرىتىمىز، ئەقىل - پاراسىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، بىز ياشلار قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق ئىشلار. ئاساسىي قاتلامدا، قىسقىسى 1 - سەپتە. شۇڭا ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا 1 - سەپكە بېرىپ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن چېنىقىپ، ئىنقىلابىي ئەجدادلار باشلاپ بەرگەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرالايدىغان، غەلىبىدىن - غەلىبىگە ئۆرلىيەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەممە ئىشتا 1 - قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇشنى، نىشانغا قاراپ ئوق ئېتىشنى، دەل جايىغا تەگكۈزۈشنى، تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھەر خىل مۇرەككەپ، يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، بۇنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە تەتبىقلاپ ئىستراتېگىيىلىك پىلانلارنى تۈزۈشكە، ياشلارنىڭ ھەرقايسى سەپلەردىكى ئاكتىپچانلىق، ئىجادچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئائىت ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا 15- قۇرۇلتاي روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى، قۇرۇلتاي ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغىلى بولىدۇ.

بىز ياشلار چوقۇم گۆدەكلىكنى تاشلاپ، ياشلىق دەۋرنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتتا ئەستىن چىقارماي، چەكلىك ئۆمرىمىزدە چەكسىز ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا دەۋر ئالدىدا، خەلقىمىز ئالدىدا، مىللەت ئالدىدا يۈزىمىز قىزارمايدۇ.(02)

# كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كادىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر

**1. سىياسىي ساپا.** بۇ ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى، سىياسىي سېزىمىنى، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى، ئېتىقاد، ئىشەنچىسىنى ھەمدە مەسىلىنى كۆزىتىش، ئانالىز قىلىش، ھەل قىلىشتىكى ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ سىياسىي خۇسۇسىيىتى ئىتتىپاق كادىرلىرىدا مۇستەھكەم پارتىيىۋىلىكنىڭ ۋە خېلى ياخشى ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنىڭ بولۇشىنى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق مەسىلىنى كۆزىتىش، ئانالىز ۋە ھەل قىلىشنى، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا بولغان ئىنتىلىشنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە قارىتا بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەنچىنىڭ بولۇشىنى، سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا ئاڭلىقلىقنىڭ بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

**2. ئىدىيىۋى ساپا.** بۇ، ئىدىيە - ئەخلاق پەزىلىتى، روھىي قىياپىتى، ئىستىلى، خاراكتېرى، مەسئۇلىيەتچانلىقى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسى ئىتتىپاق كادىرلىرى خاراكتېرىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىنىشى بولۇپ، پۈتۈن ساپا ئىچىدىكى مۇھىم تەرەپ. ئىتتىپاق كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. يۈكسەك ئەخلاق پەزىلەتكە ئىگە، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىستىلى قەتئىي ئادىم چوقۇم ياشلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

**3. بىلىم ساپاسى.** ئاساسلىقى كىشىلەرنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ھازىرلىغان پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت تەربىيىلىنىشى ۋە ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا، ھەر خىل پەننىي بىلىملەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش تەلىپى تېخىمۇ جىددىيلىشىدۇ.

**4. ئىقتىدار ساپاسى.** ئاساسلىقى ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ تەشكىللەش، باشقۇرۇش ساپاسىنى كۆرسىتىدۇ. «3 خىل تالانت، 3 خىل ماھارەت بولۇش» (پىلان، تەدبىر كۆرسىتەلەيدىغان تالانت ئىگىلىرى، جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە تالانت ئىگىلىرى، ھەقىقىي ئىشلەش روھىغا ئىگە تالانت ئىگىلىرى، تەدبىر بەلگىلەش قابىلىيىتى، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قابىلىيىتى، ئىپادىلەش قابىلىيىتى) ئۇنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئاساسلىق مەزمۇنىدۇر.

**5. پسىخىك ساپا.** ئاساسلىقى ئىتتىپاق كادىرلىرىدا پسىخىك قابىلىيەت جەھەتتە سېزىلگەن خاراكتېر، مىجەز، قىزىقىش، ھېسسىيات، بەرداشلىق بېرىش كۈچى ۋە كەڭ قورساقلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ پسىخىك ساپاسى ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. تەشەببۇسكار، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ بولۇش، كۈچلۈك بىلىمگە ئىنتىلىش قىزغىنلىقى بولۇش ۋە كۆڭلى ياخشى بولۇش، ئېنىق پەرق ئېتىش كۈچى بولۇش، بىۋاستە سېزىمگە باي، روشەن ھېس قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇش، بەرداشلىق بېرىش كۈچى بولۇش، ئىگىلمەس، سۇنماس، قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشتا چېنىققان بولۇش، كەڭ قورساق، ئۆزئارا ھالىغا يېتىدىغان بولۇش، قىزغىن، مېھمان دوست بولۇش، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقنى ساقلاپ قالىدىغان بولۇش، ئۆزىنى چوڭمۇ تۇتمايدىغان ۋە تۆۋەنمۇ كۆرمەيدىغان، ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمايدىغان، دەل پەيتىنى تۇتالايدىغان بولۇش ۋەھاكازالار.

**6. جىسمانىي ساپا.** بەدەن ھەممىنىڭ ئاساسى. كۈچ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ساغلام، جۇشقۇن بولغان زامانىمىز ياشلىرىنىڭ جانلىق ئوبرازى ئىتتىپاق كادىرلىرىدا كەم بولسا بولمايدۇ.(04)

(گۈلنۇم تەييارلىغان)



## رىقابەت ئېڭىمىزدىكى نوقسانلار

★ ئابلىكىم ئابلىمىت ★

ياش دوستلار، 21 - ئەسىر بىزگە يېقىنلاپ كەلمەكتە. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ئەسىر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەسىر. ھەر بىر دۆلەت، ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر شەخس ئۈچۈن ھالقىلىق ئەسىر. ئىقتىساد، پەن- تېخنىكا، مەدەنىيەت جەھەتتە رىقابەت كەسكىنلىشىدىغان، ھەركىم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جانىنى ئالقانغا ئېلىپ كۈرەش قىلىدىغان جەڭگاھتۇر. جەڭگاھتا ئۇتۇپ چىققانلار ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپلا قالماستىن، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۇزۇن مۇددەت ياشايدۇ. قىسقىسى، 21 - ئەسىر رىقابەت ئەسىرى، رىقابەت نەتىجىسىدە كۈچلۈكلەر ياشايدۇ، ئاجىزلار ھالاك بولىدۇ.

بىز 20 - ئەسىردە ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، بىراق باشقا پەن، ساھەلەردە دىگۈدەك چوڭ نەتىجە يارىتالمىدۇق. يىرىك، ئۆتكۈر ساھەلەردىكى رىقابەتتە كەينىدە قالدۇق. مەن بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى رىقابەت قارىشىمىزنىڭ توغرا ئەمەسلىكىدە، رىقابەتلىشىش سەۋىيىمىزنىڭ تولىمۇ تۆۋەنلىكىدە دەپ قارايمەن. باشقىلار بىلەن دادىل رىقابەتلىشىش، ئۇتۇپ چىقمىغۇچە بوشاشماسلىق - مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىراق، بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ خىل ئېسىل خىسلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلالمىدۇق. بىزدە توغرا رىقابەت ئېڭى بولمىغانلىقتىن، قالاقلىق رودۇپايدەك چاپلىشىۋەردى. رىقابەت ئېڭىمىزدا نوقسانلار خېلى كۆپ، مەن ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك دەپ قارايمەن.

بىرىنچى، بىز رىقابەتلىشىدىغان ئوبيېكتنى توغرا تاللىيالمىدۇق. رىقابەتتە رىقابەتلىشىدىغان ئوبيېكت ئىنتايىن

مۇھىم. رىقابەت ئوبيېكتى بىزنى مەغلۇبىيەتكە ياكى غالىبىيەتكە باشلايدۇ. رىقابەتتە تولۇق غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئالدىغا، ئېگىزگە قاراشقا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ كەينىگە، پەسكە قاراشقا بولمايدۇ. بىزدە، رىقابەت جەريانىدا كەينىمىزگە، پەسكە قارىۋېلىش، يەنى ئۆزىمىزدىن تۆۋەن ئوبيېكتقا قاراپ، ئۆزىمىزدىن ھەر جەھەتتە ئارقىدا تۇرىدىغانلار بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ «مەن يەنىلا ئالدىدىكەنمەن!» دەپ قارىغۇلارچە قانائەتلىنىپ، مەغرۇرلىنىش، كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقىمىزنى ئالاھىدە كۆز - كۆز قىلىش روھىي ھالىتى ناھايىتى ئېغىر. ئادەتتە، ئۆزىمىزدىن كېيىن قالغانلارنى مەسخىرە بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۆزىمىزدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى تىلغا ئالمايمىز، ئۆزىمىزنىڭ باشقىلاردىن ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغۇمىز كەلمەيدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىمىز. بىز ئۆزىمىزدىن ئۈستۈنلەرنى رىقابەت ئوبيېكتى قىلىپ تاللىغىنىمىزدىلا ئالغا باسالايمىز. تاغ ئۈستىدە تاغ بار، لېكىن ھەرقانچە ئېگىز تاغمۇ ئادەمدىن پەس، بىزدە دائىم «مەن مۇھەممەتتىن ئېشىپ كەتتىم» دېگەن ئوي ئەمەس، «سەمەتتىن نېمىشقا كېيىن قالىمەن» دېگەن ئوي بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، رىقابەت مەزمۇنىنى توغرا تاللىيالمىدۇق. رىقابەت مەزمۇنى دېگەندە، رىقابەتلىشىدىغان مەلۇم ئىش، مەلۇم ساھە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. رىقابەت مەزمۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ، دەۋرنىڭ، شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا دەۋرنىڭ ئاساسىي تەلىپىنى چىقىش قىلىش لازىم. ھازىرىمىزۋە كەلگۈسىمىز يېتەرلىك ئىقتىسادنى، قابىلىيەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى، ئۈنۈملۈك پەن - تېخنىكىنى، ماس قەدەملىك مەنىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما مۇتلەق كۆپچىلىكىمىز بىخۇد ھالدا بۇ تەلەپلەردىن يىراق بولغان تۇتامى يوق ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ، بىر - بىرىمىز بىلەن ئېتىقادىمىزغا ماس كەلمىگەن ھەشەمەتچىلىك، ھاراق كۆتۈرۈش، كوچا - بازارلاردا نوچىلىق تالىشىش، ئويۇن - تاماشا، كىيىم كىيىش، ئەمەل تالىشىش... قاتارلىق تەرەپلەردە كۈچىمىزنىڭ بارىچە بەسلىشىۋاتىمىز. مۇشۇ ئىشلارغا سەرپ قىلغان زېھنىمىزنى، ۋاقتىمىزنى، خىراجىتىمىزنى ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش، ئۆزىمىزنى زامانغا لايىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش رىقابىتىگە سەرپ قىلغۇمىز كەلمەيدۇ. بۇ جەھەتلەردە رىقابەتكە ئاتلانغانلار مىللىتىمىز ياشلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى ئىچىدە كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان، ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان دەرىجىدە ئاز. يەنە شۇنى تەكىتلىمەي بولمايدۇكى، بىزنىڭ تەبىئىي پەن تەتقىقاتىمىز تەرەققىي قىلمىغان تۇرۇقلۇق، تەبىئىي پەن رىقابىتىگە قاتنىشىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، يەنىلا ئىجتىمائىي پەنلەرگە كۆپرەك ئىنتىلىۋاتىمىز. دېمەك، بىز باشقىلار بىلەن قايسى تۈردە رىقابەتلىشىشنى، قايسى تۈرنىڭ بىز ئۈچۈن زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ يېتەلمىگەچكە، ۋاقتىمىز ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن ئۆتكەچكە سۈپەت جەھەتتىن ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز. شۇڭا، بىز بۇندىن كېيىن رىقابەت مەزمۇنىنى توغرا تاللاپ، دەۋر تەلەپ قىلىدىغان،

گۈزەل كېلەچىكىمىزنى قوروپ چىقالايدىغان تۈرلەردە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، رىقابەتلىشىش ئۇسۇلىمىز توغرا ئەمەس. بىلىشىمىز كېرەككى، رىقابەتلىشىش دېگەنلىك دۈشمەنلىشىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئورتاق ئالغا بېسىش، ئىلگىرىلەش دېگەنلىك. بىز كۆپ ھاللاردا رىقابەتلىشىۋاتقان ئوبيېكتنى ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەمەلىي ئىقتىدارى ئارقىلىق بېسىپ چۈشۈشنى نىيەت قىلماي، بەزىدە ناتوغرا يوللار بىلەنمۇ يېڭىپ چىقماقچى بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن، ئىچكى قىسمىدىكى ئۇملۇك - ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، ئاخىرىدا ئۆزىمىز پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىمىز. رىقابەت جەريانىدا قارشى تەرەپكە ئورا كولاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بىز ئەمەلىي ئىقتىدارىمىز بىلەن يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆرلەۋەرسەك، يېڭىلگۈچى ئۆزلۈكىدىن بويسۇنىدۇ. شۇڭا بىز رىقابەت جەريانىدا ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىپ، ئالىيجاناب يولدا مېڭىشىمىز، بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى ساقلاپ ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، بىزدە رىقابەتلىشىشكە بولغان دادىللىق، جۈرئەت كەمچىل. ئاتا - بوۋىلىرىمىز قان - تەرى بىلەن ئىجاد قىلغان ۋە ئاچقان «ئات ئۈستى مەدەنىيىتى» ۋە «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلالمىدۇق. ھەتتا، باشقىلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى «بۇ سېنىڭ» دېگەندىلا ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ پەخىرلىنىشكە ئەرزىگۈدەك نەرسىلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق، ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى تونۇشقا باشلىدۇق. نەچچە يۈز يىللىق ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىۋى بىكىنمىچىلىك، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان دىنىي ئەقىدە بىزنى قۇدۇقتا تۇرۇپ جاھان كۆزىتىدىغان، يېگانىلىق ئىچىدە بوغۇلۇپ يۈرىدىغان، يېڭىلىقتا قورقۇمسىراپ قارايدىغان... پاسسىپ پىسخىك ھالەتنى شەكىللەندۈردى. چەت ئەللىك قەلەندەرمۇ مىليونېر كۆرۈنىدىغان، ساۋاتسىزلىرىمۇ ئالىم كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. چەت ئەللىكلەرنى ھەممىگە قادىر ئىنسانلار دەپ قاراپ، ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئۆزىمىزنىڭ ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى بېسىپ قويدۇق. ئەمەلىيەتتە، خالمۇرات غوپۇر، تاشپولات تېيىپ، كۈرەش ئىبراھىم... قاتارلىق جۈرئەتلىك، تىرىشچان ياشلىرىمىز تەبىئىي پەن ساھەسىدە دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشىپ، تىرىشساق، بۆسۈپ كىرىشكە جۈرئەت قىلساق ھەرقانداق رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقالايدىغان ئىقتىدارىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. خىمىيە، فىزىكا ئالىمى كۈرەش ئىبراھىمنىڭ دېگىنى بويىچە «پەقەت بەل قويۇۋەتمەي ئاخىرغىچە تىرىشساقلا، باشقىلار بويسۇندۇرالىغان ئىلىم چوققىلىرىنى بىزمۇ بويسۇندۇرالايمىز...» بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە بىرىنچىدىن تىرىشچانلىق، ئىككىنچىدىن باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە جۈرئەت بولۇشى كېرەك.

ياش دوستلار، 21 - ئەسىر بىزگە قاراشلىق، ۋەتىنىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى بىزگە قاراشلىق. رىقابەت


تەھرىرى: 06
ئەسقەر داۋۇت

ئېغىمىزدىكى كىشەنلەرنى ئۈزۈپ تاشلاپ، 21 - ئەسىر رىقابىتىگە دادىل قاتنىشىش ئۈچۈن تىرىشايلى! ئېسىمىزدە بولسۇنكى، 21 - ئەسىرگە 2 يىل قالدى!(06)

# مال - مۈلۈك ھوقۇقىڭىزنى قوغداشنى بىلەمسىز؟

★ ئالىم قادىر ★

ئادەتتە مال - مۈلكىڭىز ئوبيېكتىپ تاشقى كۈچنىڭ دەخلى - تەرۇزىگە ئۇچراپ تۇرۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىن پايدىلىنىپ، مال - مۈلۈك ھوقۇقىڭىزنى قوغداش توغرىلىق ئامال- چارە ئىزدىشىڭىز مۇمكىن. تۆۋەندە كۆرسىتىلگەنلىرى مال - مۈلۈك ھوقۇقىڭىزنى قوغداش دەۋا تەرتىپىدىكى بىر قانچە تۈرلۈك ئاساسلىق شەكىل بولۇپ، سىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

1. مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىڭ. سىز بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر ماددىي نەرسىنىڭ ياكى باشقا شەكىللىك ۋە شەكىلسىز مۈلۈكنىڭ تەۋەلىك ھوقۇقى ئۈستىدە تالاش - تارتىش يۈز بەرسە، سوت مەھكىمىسىگە شۇ مال - مۈلۈكنىڭ سىزگە تەۋە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدۇ.

2. مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىڭ. مال - مۈلكىڭىزنى باشقىلار ھېچقانداق ئاساسسىز ئىگىلىۋالغان بولسا، ئۆز ۋاقتىدا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، سوتتىن مەجبۇرلاش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، مۈلكىڭىزنى قانۇنسىز ئېگىلىۋالغۇچىدىن ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئەرز قىلسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر ئەسلى مال - مۈلكىڭىز بۇزۇلغان، يوقالغان بولسا، زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەردە ئەسلىدىكى مال - مۈلۈكنى قانۇنسىز ئىگىلىۋالغۇچى ئۇنى يەنە ئۈچىنچى بىر ئادەمگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولسا، سىز قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. مۇبادا ئۈچىنچى كىشى ياخشى نىيەت بىلەن مال - مۈلكىڭىزنى ئىگىلەپ تۇرغان ھەمدە ئەقلىگە مۇۋاپىق چىقىم تارتقان بولسا، سىز ئادەتتە ئۈچىنچى كىشىدىن ئۇ مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەردە ئۈچىنچى كىشى ئۇ مال - مۈلۈككە ھەقسىز ئېرىشكەن بولسا، سىز قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق.

3. ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىڭ. مال - مۈلكىڭىزنى باشقىلار قانۇنسىز ئىگىلىۋالغان ھەمدە ئۇنى بۇزۇۋەتكەن بولسا، ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىرىنى زىيان سالغۇچىدىن ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ.

4. دەخلى - تەرۇز قىلىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىڭ. ئېگىدارچىلىقىڭىزدىكى مال - مۈلۈككە باشقىلار قانۇنسىز دەخلى- تەرۇز يۈرگۈزۈۋاتقان بولسا، سىز زىيان سالغۇچىدىن دەخلى- تەرۇزنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

5. توسالغۇنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىڭ. بەزى ۋاقىتلاردا، گەرچە سىز ئۆزىڭىزنىڭ مال - مۈلكىڭىزگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىڭىزنى يوقاتمىغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتى سەۋەبىدىن سىز ئۆزىڭىزنىڭ مال - مۈلكىگە بولغان ئىگىلەش، ئىشلىتىش، بىر تەرەپ قىلىشقا ئوخشاش ھوقۇقلىرىڭىزنى يۈرگۈزۈشكە ئامالسىز قېلىشىڭىز مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا خەلق سوت مەھكىمىسىگە توسالغۇنى تۈگىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئەرز سۇنسىڭىز بولىدۇ.

قىسقىسى سىزنىڭ مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىڭىز خەتەرگە، تەھدىتكە يولۇققاندا يۇقىرىقى بىر قانچە تۈرلۈك ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ تەتبىق قىلسىڭىزمۇ، ئايرىم تەتبىق قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. زىيان سالغۇچى بۇنىڭ ئۈچۈن ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا قىلمىشى ئېغىر بولسا، مەمۇرىي جەھەتتە ھەتتا قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. (05)



# ھاياتلىقنىڭ تىنىش بەلگىسى

★ پاتىگۈل ئىسمائىل ★

ھەممە ئىش تۇغۇم دەۋرىدىن باشلاندى. ئۆمۈر مۇساپەمگە پەقەت بىرلا قېتىم تۆكۈش ئىمتىيازىڭ بولغان كىندىك قېنىڭ مۇقەددەس تەبىئەتنىڭ ساڭا مەڭگۈلۈك يىلتىزداش بولغان بۆلىكى — تۇپراققا سىڭىشۋاتقان مىنۇتلاردىلا ئەسەبىيلەرچە يىغلاپ كەتكەنىدىڭ. شۇندىن ئېتىبارەن تالاي قېتىم يىغلىدىڭ، ئەمگۈك كېلىپ يىغلىدىڭ، قورسىقىڭ ئېچىپ يىغلىدىڭ، ئۇسساپ كېتىپ يىغلىدىڭ، توڭۇپ كېتىپ يىغلىدىڭ، تەرلەپ كېتىپ يىغلىدىڭ، تىل ئاڭلاپ يىغلىدىڭ، تاياق يەپ يىغلىدىڭ، ئىمتىھاندىن قورقۇپ يىغلىدىڭ، ئىشىق ئوتىدا پۇچۇلىنىپ يىغلىدىڭ، ياخشى خىزمەت تاپالماي يىغلىدىڭ، يەنە...

چۈنكى، سېنىڭ تۈگىمەس ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ بار ئىدى. كىچىك چاغلىرىڭدا تۇرۇپ ئالىم بولغۇڭ، تۇرۇپ يازغۇچى بولغۇڭ، تۇرۇپ ئۇچقۇچى بولغۇڭ، تۇرۇپ دوختۇر بولغۇڭ كېلەتتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا ئاتا- ئاناڭ، ئوقۇتقۇچىلىرىڭ سېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيۇڭغا پىسەنت قىلمىدى، سېنى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتناشتۇردى، نەتىجىدە دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندىڭ، سەن تىرىشتىڭ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن تەبىئىي پەن ئۆگەندىڭ، ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىر يىل قالغاندا ئىستىقبال يولى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدىڭ، بارلىق ئىمكانىيەتلىرىڭدىن قارىغاندا، بىر يېزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولالايتتىڭ، تەبىئىي پەن ئۇچۇن سېنىڭ ئۆگەنگەنلىرىڭ ياماقمۇ بولالمايتتى. سەن ئېرىشەلەيدىغان خىزمەت ئورنى تەجرىبىخانا ئارقىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئەمەس، ھەر كۈنى سوكۇلداپ بالا يىغىپ، ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇللار بويىچە دەرس سۆزلەشكە باب كېلەتتى، رۇياپقا چىقىش ئېھتىماللىقى % 100 بولغان بۇ ئېھتىماللىق سېنى تەبىئىي پەن دۇنياسىدىن بىراقلا تارتىپ چىقىرىپ، ئەدەبىيات ساھەسىگە سۆرەپ كىردى، ئۇششاق - چۈشەك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىدىڭ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىۋىگە ئورۇنلىشىشقا ئاران قۇدرىتىڭ يەتتى. تاللىغىنىڭ ئەدەبىيات بولسىمۇ، لېكىن خىزمىتىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەبىئىي پەن

ئوقۇتقۇچىسى بولدۇق... شۇنداق قىلىپ سەن ئارزۇ ۋە رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك مۇھىت ئىچىدە ياشاپ كەلدىڭ. رېئاللىق ھەمىشە ئارزۇيۇڭنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى، بىلىم قۇرۇلماڭنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشتىن ئايرىلىپ ئالىي مەكتەپ قوينىغا كىردىڭ، ئەمما ئۆگەنگەنلىرىڭنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى، يەنىلا ۋاقتىنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ كېتىپ بارغانلىقىڭنى ھېس قىلىپ تۇردۇڭ. خىزمەت، مائاش، نوپۇس، شتات، دىپلوم، يۇرت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۆسۈپ چىقىش ئىنتايىن قىيىن بولغان مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىدى، مۇشۇ چەمبىرەك سېنى ئارزۇيۇڭغا مۇناسىپ بولمىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى زىددىيەت، سېنى يىغلىتىدىغان زىددىيەت ئىدى.

پۇل تېپىشنىڭ كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىڭ. ھەممە زىددىيەت پۇل بىلەنلا ھەل بولىدىغاندەك قىلاتتى. پۇلى بارلارنىڭ ھەممە ئىشنىڭ يۇرۇشۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، رېئاللىقنى ئارزۇسىغا تېز يۇكتۈرۈۋاتقانلىقىنى دائىم دېگۈدەك كۆرۈپ تۇراتتىڭ. سەندە بۇ ساھەگە قىزىقىش پەيدا بولغاندىن كېيىن مائاش ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ پۇل تېپىش بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىڭ. نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزدۈڭ. پىلانىڭدا سەن 5 يىل ئىچىدىلا كىچىك ماشىنا، كاتتا ئۆي، ئوتتۇراھال تېپلىق شىركەت، ساھىبجامال بىر ھەمراھقا ئىگە كاتتا بايغا ئايلاندىڭ. بىراق پىلان پىلان پېتى قېلىۋەردى، رېئاللىق بۇ پىلانغا ئۆز قوينىدىن زىنھار ئورۇن بەرمىدى. دۇنيا سودا ساھەسىنىڭ خوجايىنلىقنى ئىگىلىگەن مىللەتلەردە كاتتا سودىگەرلەر ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن كىشلەردىن بولسا، سەن مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر بۇ ساھەگە قورقۇش نەزەرى بىلەن كۆز تاشلاپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس خىزمىتىدىن ئايرىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. سەنمۇ ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدىڭ. شۇنداق قىلىپ يەنىلا نامرات ياشاشقا باشلىدىڭ.

سۆيگۈ پەرىشتىسىمۇ ساڭا كۈلۈپ قاراپ باقمىدى. سەن ياخشى كۆرگەن قىزلار سېنى ياخشى كۆرمەيتتى، سېنى ياخشى كۆرگەن قىزلارنى سەن ياخشى كۆرمەيتتىڭ، شۇ قەدەر ساپ، سەممىي يۈرىكىڭ سەن ئىنتىلگەن پەرىشتىلەرنىڭ رەت قىلىشىغىلا ئۇچرايتتى. قىزلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ سەن بىلمەيدىغان بىر يۈرۈش تاكتىكىلىرى بارلىقىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدىڭ، بۇ تاكتىكىلارنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى «شېكەردەك يالغان گەپلەر» دەپ يىغىنچاقلاپ چىقتىڭ. ئەمما سەن ئەخلاقىڭ، ساداقەتىڭ قولى ئىدىڭ. سۆزۈڭ قەلبىڭنىڭ، ھەرىكىتىڭ سۆزۈڭنىڭ سادىق ئەلچىسى ئىدى. ئەپسۇس، بۇنداق سادىق ئەلچىنىڭ ئەلچى بولۇشقىلا قۇدرىتى يېتىكى، ئېرىشكۈچى ياكى بويسۇندۇرغۇچى بولۇشقا زىنھار قۇدرىتى يەتمىدى. مۇھەببەت ئاجايىپ تاتلىق ۋە ئازابلىق دۇنيا ئىدى. ئۇنىڭ تاتلىقلىقى سېنى ئۆز قوينىغا چاقىراتتى. ئازابلىقلىقى ئۆزىدىن يىراقلىشىشقا قىستايتتى، نائىلاج دەم ئالدىڭغا، دەم كەينىڭگە قاراپ، تالاي ۋاقىتنى تېگىرقاش ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ. ئەمدى توي قىلماسلىق زادىلا بولمايتتى. لېكىن كۆڭلۈڭدىكىدەك بىر لايىقىڭ يوق ئىدى. بەزىلەر سېنى «مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىكەنسەن» دەپ ئەيىبلەيتتى، سەنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا «شۇنداق بولسا كېرەك» دەپ باش لىڭشىتتىڭ. شۇ ۋاقىتتا كۆز چاناقلىرىڭ مۇنچاق-مۇنچاق ياش تامچىلىرىنىڭ ھۇجرىسىغا ئايلانغانىدى.

بارلىق دەردلىرىڭنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى خىزمەتكە ئۇردۇڭ، خىزمەت ئۆزىنىڭ ئايىغى چىقماسلىقى، تاغدەك ئېغىر بېسىمى بىلەن سېنى ئۆز قوينىغا تارتىپ كىردى، شەخسىي ئارزۇ - ئارمانلىرىڭنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۆتىدىغان دەرس سائىتىڭنى بولۇشىغا كۆپەيتتىڭ،

سىنىپ مۇدىرلىقىنى، تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ يەنە بەزى خىزمەتلەرنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستۈڭگە ئالدىڭ. مەقسەت ئۆزۈڭنى خىزمەتكىلا بەنت قىلىش ئىدى. لېكىن خىزمەت مىقدارىنىڭ شەخسنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا ئوڭ تاناسىپ بولىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدىڭ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈستۈڭدىكى يۈكلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. باشلىق يېزىشقا تېگىشلىك پىلان، دوكلات، ماتېرىياللار بارا - بارا سېنىڭ قولۇڭدىن چىقىدىغان بولدى. دەرسلىك سىتكىسىنىمۇ سەن ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدۇڭ، دائىملىق يىغىنلارنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇپ قالدىڭ. بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلىرىڭ ئۆيىدە سېنىڭ مەكتەپكە تەكلىپ قىلغىنى بېرىشىڭنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولدى، ئېتىز ئەمگەكلىرىمۇ ئوقۇغۇچىلىرىڭنى تەشكىللەپ ئاپىرىشىڭغا مۇھتاج ئىدى. دۆۋە - دۆۋە تاپشۇرۇق دەپتەرلىرى سېنىڭ قىزىل رەڭلىك قەلىمىڭگە تەقەززا ئىدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار سېنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىش ئۈچۈن كۆز ئالدىڭدىن قېچىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى سېنى ئۆيىدە قاپىقىدىن مۇز، ئېغىزىدىن تىل ياغدۇرغان ھالدا كۈتۈۋالاتتى. بۇنداق كۈنلىرى ئۆيۈڭگە يېرىم كېچىلەر بىلەن ئاران قايتىپ كېلەتتىڭ... شۇنداق قىلىپ، شەخسىي غەم - قايغۇلىرىڭنى ئۇنتۇپ كەتكەن تۇرۇپمۇ يەنە خۇشال بولالمىدىڭ، غەمكىنلىك، چۈشكۈنلۈك، ھارغىنلىق سېنىڭ جىسمىڭنى، روھىڭنى كاردىن چىقىرىشقا باشلىدى.

ئاخىرى ئۆزۈڭنى ئۇپراتماي ئىشلەشنى ئۆگەندىڭ، ۋۇجۇدۇڭنى يېزىقچىلىققا بېغىشلاپ، قايغۇ - ھەسرەتلىرىڭنى مىسرالار ئارىسىغا سىڭدۈرىدىغان بولدۇڭ، يازدىڭ، توختىماي يازدىڭ، بىر مۇنچە قېلىن خاتىرىلەرنى توشقۇزۇۋەتتىڭ، ھەر بىر ئەسىرىڭ پۈتكەن ۋە ئېلان قىلىنغان چاغدا چەكسىز خۇشاللىققا چۆمەتتىڭ، لېكىن يازغانلىرىڭ تولىمۇ ئاز ئېلان قىلىناتتى. سەن قانچە كۆپ يازغانسېرى ئەسەرلىرىڭ شۇنچە ئاز ئېلان قىلىندى. بۇمۇ ساڭا ئېغىر زەربە بولدى. ئاخىرى مۇھەررىرلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىڭ. ئۇلار ئەسەرلىرىڭگە «تولىمۇ چۈشكۈن، يىغلاڭغۇ ئەسەرلەر ئىكەن» دەپ باھا بەردى. ئەسەرلىرىڭنىڭ ئېلان قىلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن بولساڭمۇ، كاللاڭ يەنىلا خىيالغا تولۇپ كەتكەنىدى.

نائىلاج ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىڭ، مۇنداقلا قارىغاندا بوۋاقلاردىن باشقىلارنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، سەن دۇنيادا تېخىمۇ نۇرغۇن دەردلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىڭ: خىزمەت غېمى، تۇرمۇش غېمى، مۇھەببەت غېمى، ئائىلە غېمى، توي غېمى، كېسەل غېمى، بالا غېمى...

- يىغلاش بىلەن ھېچنىمىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، دەرد - ئەلەملەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى كۈلۈش، بىز كۈلكە بىلەن ھەممە غەملەرنى ئۇنتۇيمىز، يېڭى كۈچكە تولىمىز، ئاندىن بىزگە غەم ئېلىپ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز... بۇ سۆزلەر سېنى بىردىنلا ئويغاتقاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن كۈلۈشنى، بارلىق شەيئىلەرگە باشقىچە نەزەر بىلەن قاراشنى ئۆگەندىڭ.

ھاياتلىق گويا بىر جۈملىگە ئوخشايدۇ. بۇ جۈملە قىسقا بولۇشىمۇ، ئۇزۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر- تېيىزلىقى پۈتۈنلەي شۇ جۈملىنى يازغۇچىغا باغلىق. بۇ جۈملىدە نۇرغۇن تىنىش بەلگىلەر بولىدۇ، پەقەت چېكىتلا ئۇنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى. بەزىلەر پەش قويىدىغان يەرگە چېكىت قويۇپ سېلىشى، يەنە بەزىلەر چېكىت قويىدىغان يەرگە پەش قويۇپ سېلىشى مۇمكىن. بىراق، سەن ئەبەدىي ئۇنداق قىلما، ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئورنىغا، تېگىشلىك جايىغا قوي، ئەبەدىي شۇنداق قىل. (06)

# ۋىتامىننىڭ تۈرلىرى ۋە رولى

ۋىتامىننىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن 20 ـ 30 خىلغا يېتىدۇ. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇقلىرى بىر نەچچە خىلغا يېتىدۇ.

**ۋىتامىن** A . بۇ ـ بېلىق مېيى، قايماق، جىگەر، تۇخۇم سېرىقى، سەۋزە، شوخلا تەركىبىدە كۆپ بولىدۇ. ۋىتامىن A ئىسسىققا چىداملىق بولۇپ بەدەننىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، تېرىنىڭ يېرىك ھەم قورغاقلىشىپ كېتىشى، نەپەس يوللىرىنىڭ ئاسان يۇقۇملىنىپ قېلىشى، كۆز پەردە ياللۇغى، نامازشام قارىغۇسى كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ۋىتامىن** $B_1$ . بۇ ـ گۆرۈچ، ئارپا، بوغداي، ئېچىتقۇ، دادۇر، سەۋزە قاتارلىقلار تەركىبىدە مول بولۇپ ئىشتەي ياخشى بولماسلىق، چىرايى تاتىرىپ پۇت- قوللىرى ئۇيۇشۇش ۋە نېرۋا ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىپ بەدەننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**ۋىتامىن** $B_2$ . بۇ ـ پۇرچاق، خاسىڭ، ئېچىتقۇ، جىگەر، سۈت تەركىبىدە ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ۋىتامىن $B_2$ ئىسسىققا چىداملىق بولۇپ ئادەتتە جاۋغاي ياللۇغى، تېرە ياللۇغى، كالپۇك ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ۋىتامىن** PP . بۇ ـ ئادەتتە نىكوتىنامىد ياكى قارا تەمرەتكىگە قارشى ۋىتامىن دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ـ كەرەپشە (چىگسەي)، ئېچىتقۇ، شوخلا، جىگەر تەركىبىدە ناھايىتى كۆپ بولۇپ قارا تەمرەتكە، ئېغىز بوشلۇقىدىكى شىللىق پەردە ياللۇغى، تىل يېرىلىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ۋىتامىن** C . بۇ ـ شوخلا، كۆكتات، تۇرۇپ، مېۋە ـ چېۋە تەركىبىدە مول بولۇپ قان بۇزۇلۇش كېسىلى، بوغۇم ئىششىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە جاراھەتنى تېز ساقايتىدۇ. ۋىتامىن C كەمچىل بولسا چىشى قانايدۇ، چىشنىڭ ئەتراپى زەخىملىنىپ ئاسان ساقايمايدۇ، چىشنىڭ ئۆسۈشى ياخشى بولمايدۇ.

**ۋىتامىن** D . بۇ ـ بېلىق مېيى، جىگەر، تۇخۇم سېرىقى، سۈت تەركىبىدە ناھايىتى كۆپ بولۇپ، راخىت كېسىلى، كېچىكىپ چىش چىقىش، تولۇق چىشى چىقماسلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. باللار دائىم بىئارام بولۇپ، كېچىسى كۆپ چۆچۈسە، كۆپ تەرلىسە، ئىشتىيى ياخشى بولمىسا، ئىچى سۈرسە ياكى قەۋزىيەت بولۇپ قالسا، كېسەلگە قارشىلىق كۈچى بەك تۆۋەن بولسا، باش سۆڭىكى كېچىكىپ يېتىلگەن بولسا، شۇنداقلا چىشى كېچىكىپ چىقسا، ۋىتامىن D كەمچىل بولۇشى مۇمكىن.

**ۋىتامىن** E . بۇ ـ بۇغداي، گۆرۈچ ئۈندۈرمىسى، پۇرچاق مېيى، تۇخۇم سېرىقى، كۆكتات تەركىبىدە مول بولۇپ، بويىدىن ئاجراپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ۋىتامىن** K . بۇ ـ يېشىل كۆكتات، شوخلا، پۇرچاق مېيى، جىگەر تەركىبىدە مول بولىدۇ ھەمدە ئۈچەيدە ئۆزلۈكىدىن ھاسىل بولىدۇ. ۋىتامىن K جىگەرنىڭ قان ئۇيۇتقۇچى ماددا ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە قان توختىتىش رولىغا ئىگە. (04)

(گۈلسۈم . ت)



# ئوقۇتقۇچى هامان قەدىرلىك

★ ئەيساجان تۇردى (ئاچچىق) ★

تارىختىكى «سۆز- چۆچەكلەر قامۇسى» غا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «سېسىق توققۇزىنچى» دېگەن «شەرەپلىك» نامغا ئېرىشكەنلىكىمىز كۆزگە ئېلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال شۇ ۋاقىتتىكى «كاتتا» ئەربابلارنىڭ مۇئەييەن ساددا كۆز قارىشىنىڭلا «ئەلا» مەھسۇلاتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە تۇرمۇش شارائىتى توغرىسىدا تۇرلۇك بەلگىلىمىلەرنى تۇزۇپ تارقىتىپ قەلبىمىزنى سۆيۈندۇردى ھەم بىر قىسىم رايونلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ئەمەلىي ياخشى ئىش قىلىپ بىرىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا زور تەسەللىي بەردى. گېزىت - ژۇرناللاردىن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر- ماقالىلەرنى كۆرۈپ تۇرىمىز. تېلېۋىزورلاردىن بولسا ئوقۇتقۇچىلارغا مەدھىيە ئوقۇلغان ناخشىلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. مۇپەتتىش ئۆمەك رەھبەرلىرىنىڭ ۋەدىلىرىنى تولا ئاڭلاپ، «تەمەخور» بولۇپ قالدۇق.



ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىسمىمىزنى بىلگەندەك بىلىمىز. بىراق ئۆزىمىزنىڭ روھىنى قازىدىغان بولساق بىر قىسىملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بەزىلىرىمىزدە ئوقۇتقۇچىلىقتىن زېرىكىش ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا بىر قىسىملار «چىغىر يول»دىن پايدىلىنىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كەتتى. بىر قىسىملار كەسىپ ئالمىشىشنىڭ «يېڭى يول»لىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ. يېقىندا مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ رەھبىرى: «سېنى كارامەت ياخشى ئوقۇپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. بولغىنىڭ ئاران ئوقۇتقۇچىمۇ؟! كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كەتمەي، بىر ئەخمەقلىق قىلىپسەندە؟» دەپ قەلبىمنى باشقىچە غىدىقلاپ قويدى.

1995-يىلى بىر ئوقۇتقۇچى «ئوقۇتقۇچىلىق مەن بىلەنلا ئۆتۈپ كەتسۇن» دەپ مەلۇم بىر ئىنستىتۇتقا ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان بالىسىنى بىر مۇنچە پۇل خەجلەش ئارقىلىق باشقا بىر ئىنستىتۇتقا ئالماشتۇرۇۋەتتى.

بىر ئوقۇتقۇچى دوستۇمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى كۆرۈۋېتىپ «ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن خويمۇ زېرىكتىم، ئوقۇتقۇچى چۆلدىن ئەتىرگۈل ئىزدىگۈچى، ئانىسىنىڭ

ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم ئوقۇتقۇچى بولىدىغان ئوخشايدۇ...» دېگەن جۈملىلەرنى ئۇچرىتىپ داۋامنى ئوقۇشقا رايىم بارمىدى. يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار جامائەت سورۇنلىرىدا «ئوقۇتقۇچىلىقتىن پايدا قالمىدى...» دېيىشىپ، ئوقۇتقۇچىلىقتىن سەسكىنىشنىڭ «بايراقدارى» سۈپىتىدە «قىممەتلىك» نۇتۇقلارنى سۆزلەۋاتىدۇ.

دېمەك بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئۆز زىممىسىدىكى خىزمەتكە جىددىي مۇئامىلە قىلمايۋاتىدۇ. ئۇنداق بولسا بۇ خىل «سۇۋۇپ كېتىش»نىڭ مەنبەسىنى قەيەردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ؟

1. جەمئىيىتىمىزدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئورتاق گۈزەللىك قارىشى بولۇپ قېلىۋاتقان ئىقتىساد گۈزەللىكىدىن گۇمانلانماي بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ئىسلاھ قىلىش، ۋاقتىدا ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ھۆججەتلەر تارقىتىلغىنىغا 3 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ بەزى جايلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ قىلىنىپلا توختاپ قالدى ھەم بېرىشكە تېگىشلىك تولۇقلىما پۇللار تېخىچە ئەمەلىيلەشمىدى. بەزىلىرىمىز شۇ پۇلغا قارىتا پۇل خەجلەپ قەرزگە بوغۇلۇپ قالدۇق. پوچتا، بانكا، مالىيە تارماقلىرىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ (خۇددى بىزگە ئوخشايدىغان ھۆكۈمەت خادىملىرى)نىڭ مائاشى ئۇدا بىر نەچچە قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى بىر قاتلىۋەتتى. تولۇقلىما پۇللارنى يانچۇقلىرىغا سېلىپ، ئايرىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆزلىرىنى قىزارتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قوشۇمچە تاماق پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلاردىمۇ شۇ كىشىلەردىكىگە ئوخشاش ۋاقتى-ۋاقتىدا توشقۇزۇپ تۇرمىسا بولمايدىغان ئاشقازان بار، ئەلۋەتتە.

2. جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم «دانىشمەن»لەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقان غەيرىي پوزىتسىيىسىمۇ مۇھىم ئامىل. بەزىلەر ئوقۇتقۇچىلارنى «ئۇششاق سۆز» دېسە، بەزىلەر ئوقۇتقۇچىلارغا «بېخىل»لىق تونىنى كىيگۈزىدۇ. بەزىلەر «ئوقۇتقۇچىلار قىلنى قىرىق يارىدۇ. بىر تىيىن ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ» دېيىشىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، كىم ئارقىلىق تەربىيىلىنىپ بىلىم ئىگىسى بولغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشقا پېتىنالمايدۇ. 1994-يىلى مەلۇم بىر كەچكى سۆھبەت زىياپىتى باشلىنىش ئالدىدا بىرەيلەن «ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلىدىن 4 - 5 نى چاقىرىپ قويايلى» دېسە بىر مەسئۇل كىشى «قويۇڭلار، ئوقۇتقۇچى قاتناشقان سورۇن يېپ بازىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئوقۇتقۇچىنى كۆرسەم ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۆرلەيدۇ...» دەپ ئاقىلانە پىكىرنى رەت قىلىۋەتكەن. مۇشۇ تاپتا ئارقا-ئارقىدىن 2 قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ دۇنيا ئىلىم -پەن ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن پولشالىق ئايال ئالىم كيۇرى خانىمنىڭ نوبېل مۇكاپاتى ئېلىش سەھنىسىگە ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسىنى بىرگە ئېلىپ چىققانلىقى كۆز ئالدىمىزغا كېلىشى مۇمكىن.

ھېلىقى مەسئۇل كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغانمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا زادى نېمە قىلدى؟

3. مەنىۋى گادايچىلىق بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتىن سەسكىنىشكە سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى. ھازىر ئايرىم مەكتەپلەر غەيۋەت ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۈمۈرتقىسىز توغۇلغان بىر قىسىم كىشىلەر باركى ئۇلار «قانداق قىلغاندا

ئــوقــۇتــۇش سۇپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە ئەمەس، قانداق قىلغاندا ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ياكى «ئۆسۈش» كويىدا يۈرۈۋاتىدۇ. كىم مېھمان قىلسا شۇنىڭغا «ئىللىقلىق» يەتكۈزۈپ، بۇنداق ئىشلارغا پەرۋا قىلماي پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇتۇش خىزمىتىگە بەنت بولۇۋاتقان ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا «سوغۇق» نەزەردە بولۇۋاتىدۇ.

دېمەك، بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلار ئايرىم باشلىقلارنىڭ قورقۇنچلۇق ئادىمىگە، بىلىمسىز مەدھىيىچىلەر بولسا ئەڭ يېقىن دوستىغا، قولىدىن ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان كاتتا ئادىمىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بىر-بىرىگە مېھىر يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولدۇرىمەن دەپ ئۆزلىرى ئارىسىدا چۆچۈگىدەك ھاڭلارنى شەكىللەندۈرمەكتە. بۇ خىل ئىللەتلەر ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بۇ خىزمەتتىن ۋاز كېچىش گىردابىغا مەجبۇرىي سۆرەپ بېرىۋاتىدۇ.

4. ئوقۇتقۇچى دېگەن بۇ شەرەپلىك نامغا ئايرىم جايلاردا غەيرىي پېداگوگىكا كەسپىنى پۈتتۈرگەنلەر، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار، ساۋاتى بار دېھقانلار ئېرىشىپ قالغان بولغاچقا «شام» لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالماي، ھەقىقىي «شام» لارنىڭ يۈزىگە «داغ» چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ.

5. ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئەخلاقىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئۇلپەت بولۇپ ئىچىشىدىغان، چېكىشىدىغان يېڭى «مودا» نى شەكىللەندۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىززەت-ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا «ئوقۇتقۇچىمۇ تاماق يەمدىغاندۇ، تاھارەت قىلامدىغاندۇ؟!» دەپ ئويلايتتىم. ھازىر مەنمۇ بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىم. ھازىرقى ئوقۇغۇچىلىرىم مېنى ئۇنداق سىرلىق ئويلىمىسا كېرەك. بەزىدە «كىم بىلەن توي قىلىسىز؟! قاچان توي قىلىسىز؟!...» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ قويۇشىدۇ. ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ بۇنداق سوئاللارنى سورىشىنى مېن تولىراق «سەۋەنلىك» ئۆزۈمدە بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

6. ھازىر نۇرغۇنلىغان ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملارنىڭ فورمىسى بار. چەت ئەللەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ خىزمەت فورمىسى بار ئىكەن. مەملىكىتىمىزدىكى بەزى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى تارقاتتىيۇ ئوقۇتقۇچىلارغا خىزمەت فورمىسى تارقىتىپ بېرىشكە ئېشىنالمىدى. ئەگەر ئوقۇتقۇچىلاردىمۇ خىزمەت فورمىسى بار دېيىلسە بور توزانلىرىلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەقىقىي خىزمەت فورمىسىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. ئاخىرىدا مىللىي مائارىپىمىز سېپىدىكى بارلىق تونۇش ۋە ناتونۇش كەسپداشلىرىمغا: «ئۆز كەسپىمىزنىڭ ئەڭ سادىق مۇخلىسلىرىدىن بولايلى، خەلق ئالدىدىكى بۇرچىمىزنى قايتا ئېسىمىزگە ئېلىۋالايلى، مىللىتىمىزنىڭ نارسىدىلىرىنى بىز تەربىيىلىمىسەك چەت ئەللىك ئالىملار كېلىپ تەربىيىلەپ بېرەرمۇ ياكى كۆن بويى ئېتىزلىقتىن كىرمەي ئىشلەيدىغان ساددا، ساۋاتسىز ئادەملىرىمىز ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالارمۇ!» دېگۈم كېلىۋاتىدۇ.



كەسپداش بۇرادەرلەر، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قەدىرلەيلى، ئوقۇتقۇچىلىق ھامان شەرەپلىك، ئوقۇتقۇچى ھامان قەدىرلىك! (02)

تەھرىرى: 02
گەسئەت مەسئۇدى

(سىيتنىياز سايىم فوتوسى)

## قاراقاش ناھىيىسىدە...

« پەن ـ تېخنىكا قىشلىقى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان 8 يىلدىن بۇيان، قاراقاش ناھىيىسى دېھقان، چارۋىچىلارنى تېخنىكىلىق تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى. نەتىجىدە، بىر تۈركۈم دېھقان تېخنىكلار قوشۇنى مەيدانغا كەلدى. 1996 ـ يىلدىن باشلاپ، دېھقان تېخنىكلار ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق، ھەرقايسى كەسىپلەردە مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن، تولۇقسىزدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە 45 ياشتىن تۆۋەن دېھقانلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى. ئاخىرىدا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە باھالاپ تەستىقلىشى ئارقىلىق، تۇنجى تۈركۈمدە 484 كىشىگە (بۇنىڭ ئىچىدە 305 نەپىرى ئايال) «دېھقان تېخنىك»، «ياردەمچى تېخنىك» ئۇنۋانى بېرىلدى. (07)

(ئازادىگۈل توختىمۇھەممەت . ت)

## يەر شارىدا ھەر مىنۇتتا...

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدائېيتىلىشىچە، دۇنيادا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىنۇتىغا «بىرئايال ھامىلدارلىق تۈپەيلىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىدىكەن». پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا، تۇغۇت ساغلاملىقى ئۈچۈن ھەر يىلى تەخمىنەن 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنىدىكەن، بۇ سانلىق مەلۇمات نۆۋەتتە دۇنيادا ھەر ھەپتىسى ھەربىي قورال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان مەبلەغدىن تۆۋەن تۇرىدىكەن.

بۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە بولۇپ، تۇغۇتخانىلاردىن مېيىپ بولۇپ چىقىدىغان ئاياللار بۇ ساندىن نەچچە ھەسسە دېگۈدەك يۇقىرى تۇرىدىكەن. (07)

(ئەدىبە ئابلەت . ت)

## ئامېرىكىدا بىر قىز...

ئامېرىكىلىق 10 ياشلىق قىز كېلىنگا 5 كە كۆپەيتىش جەدۋىلىنى تەتقىق قىلىپ جۈپ ساننىڭ يېرىمىغا بىر نۆلنى قوشقاندا (ساننىڭ ئارقىغا)، ئۇنىڭ جاۋابى كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بايقىغان.

مەسىلەن، 5 × 6، 6 نىڭ يېرىمى3 بولىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىغا نۆلنى قوشسا 30 بولىدۇ. ئەگەر كۆپەيتكۈچى تاق سان بولسا ئۇنىڭدىن بىرنى ئېلىۋېتىپ، يەنە يېرىمىنى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ ئارقىغا 5 نى قوشسا جاۋابى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، 5 × 7، 7 دىن 1 نى ئېلىۋەتسە 6 قالىدۇ. 6 نىڭ يېرىمى 3 بولىدۇ، بۇنىڭ ئارقىسىغا 5 نى قوشسا جاۋابى كېلىپ چىقىدۇ. يەنە مەسىلەن، 5 × 1624 نىڭ يېرىمى812 بولىدۇ. بۇنىڭ ئارقىغا بىرنۆلنى قوشقاندا 8120 بولىدۇ.5 × 1625، 1625 دىن 1 نى ئېلىۋەتكەندە 1624 بولىدۇ. بۇنىڭ يېرىمى 812 بولىدۇ، ئارقىغا 5 نى قوشقاندا 8125 بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل.پات ئارىدا پۈتۈن ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە قوللىنىلىدىكەن. (07)

(ھۆرلىقا غوجىنەخمەت. ت)

## دۇنيادىكى بەش چوڭ ...

پارىژ خەلقئارا كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى. پارىژ خەلقئارا ئاياللار كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى خەلقئارادىكى سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى ئاياللار كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى بولۇپ، ھەر يىلى قەرەلسىز ھالدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مىلان كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى. ھەر يىلى 3ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى مىلان شەھىرىدە يۇقىرى ئۆلچەملىك كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ميۇنخېن خەلقئارا كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بېلگراد خەلقئارا كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى. سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ پايتەختىدە ھەر يىلى ئەتىيازدا خەلقئارا كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

شياڭگاڭ كىيىم ـ كېچەك بايرىمى. بۇ ھەر يىلدا 2 قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ. (07)

(ھۆرلىقا غوجىنەخمەت . ت)

# ئاياللار مەنىۋى بايلىققىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك

★ ماھىنۇر ئىسمائىل ★

ئىسلاھات، ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى كۆپلىگەن ئائىلىلەرنى زور ماددىي بايلىققا ئىگە قىلدى. ھورۇنلۇق، يۈرەكسىزلىك قىلماي ئۈمىد ئىشەنچ بىلەن تىرىشىپ بىرەر كەسىپكە چىن ئىشتىياق باغلىغانلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنى خېلىلا ئۇڭشىۋالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە ئائىلىگە بولغان كۆز قارىشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەردە بېيىغاندىن كېيىن پۇلنى زادى قانداق ئىشلىتىش كېرەك، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلىغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئېشىنچە پۇللىرىنى مەكتەپ، دوختۇرخانا، يول، كۆۋرۈك، قۇدۇق قېزىش، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرىغا ئوخشاش خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىپ، ئاممىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بېيىغاندىن كېيىن تاپقان پۇلنى كەيپ - ساپا، ئويۇن - تاماشا، ھەتتا قانۇنغا خىلاپ ئىش ھەرىكەتلەرگە ئىشلىتىپ، خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالىدىغان ئىشلارنى قىلدى. بېيىغاندىن كېيىن پۇلنى مەيلى خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن بولسۇن ياكى كەيپ - ساپا ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن بولسۇن ھەر ئىككىسىدە ئايالLAR مۇھىم رول ئوينىدى.



مەسىلەن، ئائىلىلى، خەلقىمىزنىڭ يۇقىرى ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى نۇرتاي ھاجىم، كېرەم ئىمىنلەرنىڭ ئانىلىرى، ئاياللىرى، ئوغۇللىرى، ئەرلىرى پۇل تاپقاندا پۇلنى خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى قوللىغان، مەدەت بەرگەن. ئۇلارغا پۈتۈن خەلق رەھمەت ئېيتىدۇ. يەنە بىر قىسىم بېيىغان ئائىلىلەردىكى ئايالLAR ئەرلىرى مىگىبىرجاپالارنى تارتىپ تاپقان پۇلنى بۇزۇپ- چېچىپ، مودا قوغلىشىپ، بەس - بەس بىلەن كىيىم كىيىپ، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىپ يۈرىدۇ. ئەرلىرى ئايلاپ كان، كارخانىلاردا جاپا تارتىپ ئىشلەيدۇ. سودا ئىشلىرى بىلەن ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ يۈرۈپ پۇل تاپسا، بىر قىسىم

ئاياللار بىر كۈندىلا ئەرلىرىنىڭ نەچچە ئايلاپ يېمەي - ئىچمەي تاپقان پۇلىنى خەجلەپ تۈگىتىدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ بەتخەجلىك قىلىدۇ. ماگىزىنمۇ ماگىزىن ئارىلاپ، قىممەت باھالىق گىرىم بويۇملىرىنى سېتىۋالىدۇ. لېكىن يىل بويى بىرەر پارچە گېزىت - ژۇرنال سېتىۋالمايدۇ، ئوقۇمايدۇ، كىتابخانا، كۇتۇپخانا دېگەنلەرگە قەدەم باسمايدۇ. نۇرغۇن ئاياللار كۇتۇپخانىلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. پەرزەنتلىرىگە بىرەر پارچە رەسىملىك كىتاب ئېلىپ بەرمەيدۇ. بۇنداق پۇلدار ئاياللار ئالتۇن زىبۇ زىننەت بۇيۇمىنى تاقىغان، ئاسقان، ياخشى كىيىملەرنى كىيگەن بولسىمۇ، لېكىن مەنىۋى دۇنياسى قۇرۇق، ئۇلار ھازىرقى زامان ئىلىم- پەن، مەدەنىيەتتىن خەۋەرسىز. يېقىندا مەلۇم بىر ئورۇندا ئۆزلىرىنى ئالاھىدە پۇلدار ھېسابلايدىغان بىر نەچچە ئايال ماگىزىن ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ئۆزلىرىمۇ تۇيمىغان ھالدا كۇتۇپخانىغا كىرىپ قالغان. بىرسى كۇتۇپخانا خادىمىدىن:

- بۇ نېمە قىلىدىغان ئورۇن؟ دەپ سورىغان.

- كۇتۇپخانا، - دېگەن ئۇ، - ئەتراپتىكى گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرىشىپ.

- ھە بۇ كونا قەغەز ساتىدىغان ئورۇنكەن ئەمەسمۇ، - دەپ كۈلۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خاتا كىرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتكەن. 21-ئەسىردە ياشاۋاتقان، ئۆزلىرىنى ئەتراپىدىكى ھەممىگە تەڭ قىلمايدىغان ئاشۇ ئايالار كۇتۇپخانىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلمىسە بۇنىڭغا نېمە دېيىش كېرەك؟ بەزى ئايالار تېخى زىبۇ زىننەت، كىيىم - كېچەك قانچىكى ياخشى بولسا ئۆزلىرىنى شۇنچە مەدەنىيەتلىك ھېسابلايدۇ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىك، مەدەنىيەت تاشقى سالاپەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىچكى روھىي دۇنيا گۈزەللىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

يەنە بەزىلەر ئادەم ماددىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرسە مەدەنىيەت ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ، چۈنكى ئىنسانلار ماددىي جەھەتتىن تويۇنغاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا مەنىۋى گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن مەنىۋى گۈزەللىك ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەلگە ئاشىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىدىيە ئۆزگەرتىش، يېڭىلىقا ئىنتىلىش، گەپ - سۆز، ھەرىكەتتە ئىلمىي بولۇش، باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇش، سەممىي بولۇش، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش، ئۆزئارا يول قويۇش قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئىگە. بىر قىسىم ئايالارنىڭ چىرايلىق كىيىنگەنلىكىگە قاراپلا، ئۇلارنى مەدەنىيەتلىك دەپ ئاتاش توغرا ئەمەس. بىزدە پۇلنى ئەرلەر تاپىدۇ، ئايالار خەجلەيدۇ دەيدىغان گەپ بار. پۇلى بولغان ئىكەن ئۇنى خەجلەش كېرەك. لېكىن ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا خەجلەشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم. ماددىي جەھەتتىن كۆپ ئىقتىسادقا ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزىلا باي بولغانلىق ھېسابلانمايدۇ، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىن مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇش كېرەك. ئەگەر ماددىي بايلىققىلا ئىگە بولۇپ مەنىۋى بايلىققا ئىگە بولمىغاندا، ماددىي بايلىق مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولالماي قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئايالار ماددىي جەھەتتىن خېلى بېيىپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلغاندا، گېزىت - ژۇرنال سېتىۋېلىشنى، ئوقۇشنى، كۇتۇپخانىلارغا كىرىپ بىرەر سائەت ماتېرىيال كۆرۈشنى ئۇنتۇپ قالمايلى! ئاندىن بىز جەمئىيەت، ئائىلە ھەققىدە يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. مەدەنىيەت سەۋىيىمىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. نېمىنىڭ مەدەنىيەت، نېمىنىڭ ئەنئەنە، نېمىنىڭ ماددىي بايلىق، نېمىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ساۋاتقا ئىگە بولالايمىز. (05)

## مەن نېمە ئۈچۈن باي بولالمايمەن

سىز ئۆزىڭىزنىڭ پۇل تېپىش ئۇسۇلىڭىز بىلەن تەدبىرىڭىز ئۈستىدە ئويدان باش قاتتۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟ ھەممەيلەننىڭ باي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، باي بولىدىغانلار يەنىلا ئاز سانلىق بولىدۇ. ئۇنداقتا سىز نېمە ئۈچۈن شۇ ئاز سانلىقلار قاتارىغا كىرەلمەيسىز؟ ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس، «ئەيلۇن» گۇرۇھىنىڭ باش لىدىرى روبېرت ئەيلۇن ئۆزىنىڭ بازىرى ئىتتىك كىتابى «قانداق باي بولۇش كېرەك» دېگەن ئەسىرىدە كىشىلەرنىڭ بېيىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەنئەنىۋى قاراشلار توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ توختالغان، ئۇ كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق دەپ قارىغان قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىشى بېيىشقا قاراپ تاشلانغان بىرىنچى قەدەمى، دەپ ھېسابلىغان، بېيىماقچى بولغان دوستلار مۇشۇنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلسا بېيىشنىڭ ئېپىنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن.

ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ بىرىنچىسى، دەسمايە بولغاندىلا پۇل تاپقىلى بولىدۇ. دەپ قاراش. توغرا، خەلق ئىچىدە «پۇلنى پۇل تاپىدۇ» دېگەن گەپ بار. لېكىن سىزنىڭ پۇلىڭىز قانچە كۆپ بولغان بىلەن بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ يەنىلا پۇل تېپىشنىڭ يولىنى بىلىشتە. بۇنىڭدا قەرز ئېلىپ مەبلەغ سېلىش ۋە پاي توپلاشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلسىڭىزلا بېيىش مۇساپىسىنى باشلىيالايسىز. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، داڭلىق بايلارنىڭ %80 ى قۇرۇق قول ئىش باشلىغان.

ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئىككىنچىسى، باشقىلار زىيان تارتقاندىلا مەن پۇل تاپالايمەن، دېگەن قاراش. ئوقەتتە پايدا ئېلىش بىلەن زىيان تارتىش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. پۇل تېپىشنىڭ توغرا يولى ئۆز ئارا ئادىل رىقابەتلىشىپ ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىشتۇر. ئەمەلىيەتتە بايلىقنىڭ مەنبەسى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. باشقىلار زىيان تارتقان سودىدا سىز پايدا ئېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئۈچىنچىسى، تېجىگەندىلا پۇل تاپقىلى بولىدۇ، دەپ قاراش. ئىقتىسادچىل بولۇش - گۈزەل ئەخلاق، لېكىن



ئىقتىسادچىل بولۇپ باي بولمەن، دەپ قاراش بىر خام خىيالدىنلا ئىبارەت، خالاس. بېيىشتا ئىقتىسادچىل بولۇشمۇ مۇھىم. ئەلۋەتتە بەدخەجلىك، ئىسراپچىلىق قىلىش ئەسلىدىنلا يارىماس ئىللەت. تېجەلگەن پۇل ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇش بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت تېخىمۇ ياخشى ئوبوروت قىلىشتۇر. پۇل ئوبوروت ئارقىلىقلا ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرالايدۇ، پۇلنى ئاياش ئۈچۈنلا چىقىمنى «قىسىپ» باي بولۇش تولىمۇ قىيىن بىر ئىش. پۇلنى مەبلەغ قىلىپ سالغاندىلا، بېيىشنىڭ پەردىسى ئېچىلىدۇ.

ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ تۆتىنچىسى، خۇدايىم بېرىدۇ، دەپ قاراش. خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، 365 كۈن خۇدانىڭ كىمگە بەرگۈسى كەلسە شۇنىڭغىلا بېرىدۇ، دەپ ئولتۇرۇش ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە پۇل تېپىشنىڭ پۇرسىتى ھەممەيلەنگە نىسبەتەن ئوخشاش بولىدۇ، پۇل ئۆزىنى قوغلاشقان ئادەمگە شۇنچە يېقىن تۇرىدۇ.

ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ بەشىنچىسى، بىخەتەرلىك بىرىنچى، دېگەن قاراش. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىخەتەر تۇرمۇش مۇھىتىنى قوغلىشىپ تاپلىغان چەكلىك پۇلىنى ئۆسۈمى يۇقىرىراق بانكىغا قويىمەن، دەپ تۇرلۇك پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ - دە، بېيىشتىن مەھرۇم بولىدۇ. بېيىشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى، خەۋپ - خەتەرگە جۈرئەت قىلىش، تەۋەككۈلچىلىككە يول قويۇشتۇر. ئەگەر سىز خاتىرجەملىكنىلا قوغلىشىپ، خەۋپ - خەتەرگە جۈرئەت قىلىشنى خالىمىسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن مەھرۇم بولىسىز.

ئەنئەۋى قاراشلارنىڭ ئالتىنچىسى، مەغلۇبىيەتكە بەرداشلىق بېرەلمەسلىك قارىشى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر، مېنىڭ ئىقتىدارىم تەۋەككۈلچىلىك ئېلىپ كېلىدىغان مەغلۇبىيەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلار تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئەجەللىك ئىدىيىۋى توساقتۇر. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مەغلۇبىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىر ئاملى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، مەغلۇبىيەت بىر مەكتەپ دېمەكتۇر. ئەگەر سىز مەغلۇبىيەتكە ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتسىڭىز، بۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيسىز. سىز مەغلۇبىيەت ئالدىدا تېخىمۇ چىۋەر، تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىسىز ھەمدە بېيىشنىڭ ئەپچىل يولىنى تېپىۋالالايسىز.

ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ يەتتىنچىسى، ھۆكۈمەت ۋە سىياسەتكە تايىنىش. نۆۋەتتە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ھۆكۈمەتتىن كۈتۈپ، ھەمىشە ياخشى سىياسەتنىڭ ئۆزىگە يۇقىرى مائاش، غايەت زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ سەككىزىنچىسى، مۇقىم خىزمەت بولۇش. مۇقىم خىزمەت پەقەت سىزنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىڭىزغىلا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭغا تايىنىپ بېيىمەن دېيىش قۇرۇق خىيالدۇر. مۇقىم خىزمەت بىر ئادەمگە نىسبەتەن مۇھىم باسقۇچتا زۆرۈر ھېسابلانسىمۇ، باي بولىمەن دېگۈچىلەرگە نىسبەتەن چۆچۈرىنى خام سانىغانلىق بولىدۇ. مۇقىم خىزمەت كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر ۋاستىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ توققۇزىنچىسى، ئادەتتە باي بىلەن كەمبەغەللىك پۇلنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىرەيلەن بىر مىليونېردىن «ئەگەر سىز ۋەيران بولۇپ ھەممە بايلىقىڭىزدىن ئايرىلىپ قالسىڭىز قانداق قىلىسىز؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ «مەن 5 يىلدا يەنە قەد كۆتۈرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بايلىقنىڭ ماھىيىتى غايەت زور مال - دۇنيادا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي پۇل تاپالايدىغان ئىقتىدار ۋە ئىشەنچتە. (07)

(مجىت تۇرسۇن . ت)



# بىمار تەسەللىگە موھتاج

★ ھاياتگۈيۈس مۇھەممەت ★

ئۆزىمىزنىمۇ چۈشەنمەي، نېمىگە تەلپۈنۈۋاتقانلىقىمىزنى، نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى، قانداق ياشاۋاتقانلىقىمىزنى، ئۆزىمىزدە قانداق ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىك بارلىقىنى بىلمەي، دېيەلمەي، ئېتىراپ قىلالماي بۇرۇقتۇرمىلىقتا ياشاۋاتقاندۇق. تەپسەتەۋرەشنى، چىمدىسا ئاغرىشنى ھېس قىلالمايدىغان ھالەتتىن چۆچۈپ ئاستا - ئاستا ئۆزىمىزنى بايقاشقا باشلىدۇق. يۈرىكىمىزنى تىڭشىدۇق. ئۆزىمىزگە تىكىلىپ ئۆزىمىزنى قايتىدىن كۆرۈشكە، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازىمىزنى ئېتىراپ قىلىشقا يۈزلەندۇق. ئۆزىمىزنىڭ يارىلىرىنى ئېچىپ ئۆزىمىزنى قامچىلىدۇق. ئۆزىمىزنى تونۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن بۇ بەك مۇھىم ئىدى. ئەمما بىز ئۆزىمىزدىكى جاسارەت، ئىشەنچ، ئۇرغۇتقۇ كۈچتىن كۆرە ۋۇجۇد- ۋۇجۇدىمىزدىكى ئېغىر ھالسىزلىقنى سېزىۋاتقاندەكلا، بارغانچە روھسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندەكلا قىلىمىز. «بولغىنىمىز شۇ، قانداق قىلاتتۇق. بىرەر ئىككىمىز كۆپنى ئۆزگەرتىپ، تەسىر كۆرسىتىپ بولالامدۇق، سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ، ئىشىمىزنى قىلايلى، بىرى كېلىپ بىزنى سوراق قىلمىغاندىكىن، ئوخشاشلا كۈن ئۆتىدىغۇ» دەيدىغانلار: «ئىست مۇشۇنداق ئادەملەردىن بولۇپ قالغىنىمنى...» دەپ ئۆزئارا تۈزۈشۈۋالغان سورۇنلاردا دەرد، ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ، مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئېغىر سۈكۈنات، ھەسرەت بىلەن تۈگىتىدىغان ياكى «ئاناڭنى، ئەكىلە...» دەپلا ھاراق ئىچىشىش بىلەنلا ئاخىرلاشتۇرۇپ، نېرۋىسىنى مەست قىلىپ، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىشقا ئۇرۇنىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى. ھەتتا ئۆگىنىش، تىرىشىش قىزغىنلىقىمۇ كۈنسېرى سۇسلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار زىيالىيلاردا، ياشلاردا كۆپ.

ئارىمىزدىكى ئىللەتلەر پاش قىلىنىپ، يېزىلغان ماقالىلەرنى بۇرۇن كىشىلەر ئىزدەپ- سوراپ، سۆيۈپ ئوقۇغان بولسا، ھازىر شۇنداق ماقالىلەر چىققان ژۇرناللارنى پوككىدە تاشلاپ قويۇپ «يەنە شۇ، ھەي...» دەپ ھەسرەتلىك تىنىپ قويىدىغان، يارىسى قايتىدىن قوزغالغاندەك ھەم قوزغىلىپ قېلىشتىن قاچقاندەك كەيپىيات پەيدا بولۇپ قالدى. كىشىلەردە ھازىر ئۆزىنىڭ كېسىلىنى بىلىپ

قالغاندىن كېيىن رېتسىپسىز، داۋاسىز كېتىۋەرگەن يۈز ئەزىمە كېسەلدىن بىزار بولۇپ، ھاياتىدىن تولا خەۋپسىرەۋېرىپ، ئاخىرى بۇلارنى ئويلاشنى خالىمايدىغان، كۆڭنى ئۆتكۈزسىلا بولىدىغاندەك ئاغرىنىش، دوق قىلىش ھېسسىي كۆچىيىپ كەتتى. مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت دېگەنلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ھەسرەت ئىچىدىكى خامۇش ھالەتتە ھەممىلا نەرسىگە ئوخشاشلا خۇنۇك نەزەردە قاراش پىسخىكىسى يېتىلىۋاتىدۇ. ئېنىقكى ئۆزىمىزنى قامچىلاشلا بولۇپ، ئۇرغۇتقۇ، ئىشەنچكە ئىگە قىلىدىغان مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەم بولۇشى بىزنى بەك ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋاتىدۇ. چالۋاقاش بىلەن يىغلاشنى باشلاپ، گەپنى توختىتىدىغان، ھېسسىيات جەھەتتىن ئىچىمىزنى بوشىتىۋېلىش بىلەنلا بولدى قىلىپ، ئەقىل ئىشلىتىپ ئىستىقبالىمىز، تەرەققىياتىمىز ھەققىدە ئەمەلىي تەسەللى، ئەقەللىي تەپەككۇر شەكلىنىڭ بولماسلىقى، پەرۋازىمىزغا قۇدرەت ئاتا قىلالمايۋاتىدۇ. قولىقىمىزغا بىر - بىرىمىزنىڭ تولا ۋايساشلىرى، دوق قىلىشلىرى ئاڭلىنىۋېرىپ، تەپەككۇر، ئەقىل يولىمىزنى، نەزەر دائىرىمىزنى بەنت قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

كۆز ئالدىمىزدىلا دۈچ كېلىدىغىنىمىز كەيپىياتىمىزنى ئوڭشاپ، يىغىمىزنى توختىتىپ، ھەسرەتلىك ئۆھسىنىشتىن، تىللاش، ئاچچىقلىنىشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنى تۇرغۇزغان ھالدا بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالىمىز ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز لازىم. ھېجىيىپ تۇرۇپ ماختاش ئادەمنى مۆگىدىتىپ قويىدۇ، غەزەپ بىلەن پەشۋا ئېتىش ئادەمنى سەگەكلەشتۈرۈدۇ، ئادەمدە يېڭى بىر تۈيغۇ، ھېسسىيات ۋە سەزگۈ پەيدا قىلىدۇ. بىزنىڭ بىلىش جەريانىمىز تەپەككۇر شەكلىمىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئالدىغا سىلجىتىدىغان جاسارەت ئاتا قىلالمىسا بەك ئېچىنىشلىق ئەھۋال يۈز بېرىپ قالىدۇ. بىزنىڭ ئەمدى ھېسسىيات ئىسكەنجىسىدىكى سىجىللىقتىن يۇلقۇنۇپ، ئەقلى باسقۇچ دەۋرىگە قەدەم قويىدىغان ۋاقتىمىز يېتىپ كەلدى. تەبىئىيتىمىزدىكى ھەسرەت، خورلىنىش، ناخشا مايىللىقى بىلەنلا تەسەللى تېپىپ ئۆھسراپ يۈرۈشتىن سىلكىنىپ، ئەمەلىي ئەھۋالىمىزنى چىقىش قىلىپ، بۇندىن كېيىنكى قەدەم باسقۇچلارنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى بەلگىلەيدىغان سىناققا دۈچ كەلدۇق. خەلقنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان، يېڭىچە لىنىيىگە باشلىيالايدىغان، تەپەككۇرجانلىقنى قوزغىتىدىغان ئەسەرلەرگە موھتاجمىز. كېسەلگە دىئاگنوز قويۇپلا داۋالىمايدىغان، ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن تەسەللى بېرىپ ھاياتلىققا بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزمايدىغان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىپ، كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، دورىلىرىنى ئىزدەش كېرەك. كېسەل بىزنىڭ تاشلىۋېتىشىمىزنى ئەمەس، مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشنى، ئۆزىنى ئەمەلىي دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، روھىي جەھەتتىنمۇ ئەڭ ئەمەلىي تەسەللىلەر بىلەن داۋالاپ، ياشاشقا بولغان ئىشەنچىسىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنى تاشلىۋېتىشىمىزگە ياكى كەچكىچە يېنىدا ئولتۇرۇپ مىشىلداپ يىغلاپ ھەسرەت چېكىشىمىزگە موھتاج ئەمەس. ئەمدى كېسەللىك رېتسىپلىرى ھەققىدە ئىزدىنەيلى. ئۆزگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت قۇۋۋەت دورىسىنى ئەمەلىي رېتسىپقا بىرلەشتۈرۈپ كېسەللىكنى داۋالاپ، ئۆزىمىزگە ۋە كېسەلگە تەسەللى ئاتا قىلايلى.(٥٩)

(ياسىن سېتى فوتوسى)

# شىنجاڭنىڭ چېلىشچىلىقىغا

# نېمە بولدى

★ قەيسەر پەيزۇللا ★

چېلىشىش ـ شىنجاڭدا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ھەم كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە تەنھەرىكەت تۈرى. ئەلمساقتىن تارتىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ھېيت-بايرام، توي ـ تۆكۈنلەردىكى ئاممىۋى يىغىلىشلاردا، شۇنداقلا مەشرەپكە ئوخشاش ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا چېلىشىش تۈرىنى ئوغلاق تارتىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى مىللىي تەنھەرىكەت تۈرى قاتارىدا ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. چېلىشىش جەريانىدا بارلىق رەقىبلىرىنى يېڭىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن كىشى «پالۋان»، «سەردار» ئاتىلىپ، ئەل-يۇرتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، بۇ تەنھەرىكەت تۈرى ئەر-ئايال، قېرى-ياش ھەممەيلەننىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە قىزغىن ئىشتىراك قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، باتۇرلۇق، كۈچتۈڭگۈرلۈك-نىڭ سىمۋولى بولغان چېلىشىش تەنھەرىكىتى قەدەممۇقەدەم سىستېمىلىشىپ، قائىدە ـ تۈزۈملىرى

مۇكەممەللەشكەن تەنھەرىكەت تۈرىگە ئايلاندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەر قېتىملىق دېھقانلار تەنھەرىكەت يىغىنلىرى ۋە باشقا ئاممىۋى يىغىلىشلاردا چېلىشىشنى يەنىلا چوڭ مۇسابىقە تۈرى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ كەلدى.

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چېلىشىش مۇنبىرىگە قارايدىغان بولساق، شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسى ئاپتونوم رايونىمىز، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز ئۈچۈن ئاز بولمىغان شان ـ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 1966 ـ يىلى ئەينى چاغدىكى دۇنياۋى كۈچلۈك كوماندا ـــ ياپونىيە كوماندىسى بىلەن بولغان مۇسابىقىدە شىنجاڭ كوماندىسىدىن تۆرسۇنغالى 1963 ـ يىلىدىكى دۇنيا چېمپىيونى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان؛ قۇرمانغازى دۇنياۋى مۇسابىقىدە 3 ـ لىككە ئېرىشكۈچى بىلەن تەڭ بولۇپ چىققان؛ 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسى 6 ئالتۇن مېدال ئالغان؛ 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسى 4 ئالتۇن مېدال ئالغان.



بۇ خەۋەرلەر بىر مەھەل زىلزىلە پەيدا قىلدى. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن بۇيان ئاخبارات ۋاستىلىرىدە شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسىنىڭ مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە يەنە قانداق ئالتۇن مېدال ئالغانلىقى توغرىلىق تا ھازىرغىچە بىرمۇ خەۋەر ئېلان قىلىنمىدى. بۇ ھەرگىزمۇ مۇخبىرلارنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسى 1987 - يىلدىن بۇيانقى 6-، 7-، 8- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنلىرىدا ئۇدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بىرمۇ ئالتۇن مېدال ئالالمىدى.

چېلىشىش تەنھەرىكىتىدە مۇشۇنداق بىر پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان زېمىندا يېتىلىپ تارتقان شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسىنىڭ نەتىجىسى نېمە ئۈچۈن بىراقلا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؟

بىرىنچى، بەزى كەسپىي خادىملارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن. گەرچە ھەممىسىنىڭ تېخنىكۇم، ئالىي تېخنىكۇم دىپلومى بولسىمۇ، ئەمەلىي بىلىمى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدە، ئۇلار پەقەت چېلىشىش تېخنىكىسىنىلا چۈشىنىدۇ، زۆرۈر بولغان تەنتەربىيە ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك پەننىي بىلىملەردىن خەۋىرى يوق؛ ئىلمىي مەشىقلەندۈرۈش سەۋىيىسى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىقتىدارى يۇقىرى ئەمەس.

60 -، 70 - يىللاردا شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسى پۇختا ئاممىۋى ئاساسىي ۋە ئۆزىدە بار بولغان ئەنئەنىگە تايىنىپ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە پەقەت قارا كۈچكىلا تايىنىپ ئۇتۇشنى ئىگىلەيدىغان ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىچكى ئۆلكە، رايونلارنىڭ پەن- تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى شىنجاڭغا قارىغاندا تېز يۈكسەلگەچكە، باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى پەرقمۇ كۈندىن- كۈنگە زورىيىپ كەتتى. بۈگۈنكى دەۋردە تەنتەربىيە جېڭى — پەن - تېخنىكىنىڭ جېڭى، ئىقتىسادنىڭ جېڭى. تەنتەربىيە بىلەن ئىقتىسادنى ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى، 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ماھارىتى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن ئۆگەنگەن ئىلغار تېخنىكا، تاكتىكىسىنى ئىچكى ئۆلكە، رايونلار ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۆگىنىۋالدى. ئۇلار خەلقئارا چېلىشىش تۈرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، پىلانلىق ھالدا راۋاجلاندۇردى. چېلىشىش تۈرىنى تەنتەربىيە ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، ئاساسىي قاتلاملاردا ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلمىي ھالدا ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ پەلەمپەيسىمان كوماندا قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈردى؛ تېخنىكا، تاكتىكا جەھەتتە يۇقىرى ماھارەت يېتىلدۈرۈش، ئىلمىي مەشىقلەندۈرۈش، تېخنىكىلىق جەھەتتە زور كۈچ چىقىرىش قاتارلىق ئامىللار ھەرقايسى ئۆلكە، رايونلارنىڭ چېلىشىش تۈرىنى ناھايىتى تېز راۋاجلاندۇردى.

ئۈچىنچى، مۇسابىقىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئاشتى. ھازىر دۆلەت ئىچىدىكى چېلىشىش مۇسابىقىسىگە بۇرۇنقىدەك ئون نەچچە كوماندىلا قاتنىشىدىغان، ئاز ساندىكى ئۆلكە، رايونلار مۇسابىقە ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەيدىغان ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ چېلىشىش تۈرىگە 17كوماندا قاتناشقانىدى. 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ چېلىشىش تۈرىگە 40نەچچە كوماندا قاتناشتى. ئەسلىدە بىر دەرىجە ئايرىمىسىدىكى مۇسابىقىگە 15 — 17 تەنھەرىكەتچى قاتنىشاتتى ھەمدە بىر

تەنھەرىكەتچى ئۇدا 2 ـــ 3 مەيدان يەڭسىلا چېمپىيون بولاتتى. ھازىر بولسا بىر دەرىجە ئايرىمىسىدىكى مۇسابىقىگە 35 ـــ 45 تەنھەرىكەتچى قاتنىشىدۇ، بىر تەنھەرىكەتچى ئۇدا 5 ـــ 6 مەيدان يەڭسە، ئاندىن ئالدىنقى 3 - لىككە كىرەلەيدۇ. مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان كوماندىلارنىڭ كۆپىيىشى، ھەرقايسى دەرىجە ئايرىمىسىدىكى تەنھەرىكەتچى سانىنىڭ ئېشىشى مۇسابىقىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى.

تۆتىنچى، شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسىنىڭ تەنھەرىكەتچى مەسىلىسىمۇ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ھازىر بىزنىڭ تەنھەرىكەتچى مەنبەيىمىز ياخشى ئەمەس، كوماندىغا قوبۇل قىلىنغان چېلىشىش تەنھەرىكەتچىلىرىمىز ئىلمىي تەربىيىلەنمىگەن بولغاچقا، ئۇلارنى يېڭىۋاشتىن مەشقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ ئىچكى ئۆلكە، رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ؛ تەنھەرىكەتچىلىرىمىز يەككە - يېگانە جەڭ قىلىدىغان بولغاچقا، سەللا بىخەستەلىك قىلسا، شاللىنىپ كېتىشتىن خالى بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زەخمىلىنىش ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز. نۆۋەتتە ئارقا سەپ تەنھەرىكەتچىلىرىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋالى تولىمۇ ئېغىر، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىن قايتىپ كەلگەن بىر تۈركۈم پېشقەدەم چېلىشىش تەنھەرىكەتچىلىرىمىز كوماندىدىن چېكىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسىدا 9- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشالايدىغان پەقەت بىرلا تەنھەرىكەتچى قالدى. بۇنداق بولغاندا ئالتۇن مېدال ئېلىش ۋەزىپىسى ئەمدى كىمگە تاپشۇرۇلىدۇ؟

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باقاۋۇدۇن بۇ يىلنىڭ بېشىدا شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «... 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر نەچچە يىل تىرىشقان بولساقمۇ، 7 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا يەنىلا ئالتۇن مېدال ئالالمىدۇق. بۇ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش كېرەك. ناۋادا 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىمۇ ئالتۇن مېدال ئالالماي قالساق بۇنىڭغىمۇ ھېچقىسى يوق. بىراق، چوقۇم سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىز، بوشاشتۇرماي تۇتۇشىمىز كېرەك، 10 يىل، 20 يىل تۇتايلى. قېنى، شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسىدا ئىلگىرىلەش بولامدۇ - يوق؟».

شىنجاڭنىڭ چېلىشچىلىقىنى، شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسىنى قۇتقۇزۇش، راۋاجلاندۇرۇش ـ شىنجاڭ ماھارەت تېخنىكا تەنتەربىيىسى ئىستراتېگىيىسىدىكى مۇھىم نۇقتا، شۇنداقلا 9 - ۋە 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ چېلىشىش تۈرىدە زەپەر قۇچۇش - قۇچالماسلىقىقا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش! شۇنداق، ئەستايىدىل ئويلىنىپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىدىغان تارىخىي پەيت يېتىپ كەلدى. ۋۇجۇدى باتۇرلۇقتىن، تالاي كۈرەشلەردىن پۈتتۈلگەن ئىنسانلار ياشاۋاتقان بۇ زېمىن بىزدىن شۇنى كۈتمەكتە. قىران چاغلىرىدا ئۆز بەستىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ گەۋدىلەرنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، زەردە بىلەن يەرگە تاشلىغان پەرىشتە سۈپەت بوۋىلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان مىڭلىغان قىز - يىگىتلىرىمىز تەخىرسىزلىك بىلەن شۇنى ئۈمىد قىلماقتا! شىنجاڭنىڭ چېلىشچىلىقىنى، شىنجاڭ چېلىشىش كوماندىسىنى قۇتقۇزۇش، ئۇنى قايتىدىن باش كۆتۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ تارىخىي مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ئۇتۇقلۇق تاماملىنىشى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرايلى!(06)

(ئابدۇرېھىم توختى فوتوسى)

# تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى گېزىتى

1998 - يىل
مارت
(ئومۇمي
111- سان)

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

## هاراق ۋە تېلېۋىزور

پەن تەتقىقات ساۋاتلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، هاراق ئىچكەندىن كېيىن كۆرۈش نېرۋا سىستېمىلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى نارىيىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ۋاقىتتا تېلېۋىزور كۆرگەندە كۆرۈش قۇۋۋىتى بارغانچە ئاجىزلاپ كېتىدۇ، ئۇدا 4 - 5 سائەت تېلېۋىزور كۆرگەندە كۆرۈش قۇۋۋىتى ۋاقىتلىق% 30 - 25 تۆۋەنلەيدۇ. بولۇپمۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور كۆرگەندە، كۆرۈش تور پەردىسىدىكى سېلىندىرسىمان ھۈجەيرىلەردىكى جىگەررەڭ ماددىسى زور مىقداردا سەرپ قىلىنىدۇ. دە، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ ئاجىزلىشىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى كۆرۈش قۇۋۋىتى كۆرۈنەرلىك زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، هاراق ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىپ ئاندىن تېلېۋىزور كۆرۈش كېرەك.(02)

(رەيھانگۈل ئابدۇراخمان . ت)

## سالامەتلىككە ئائىت ساۋاتلار

تەييار چۆپ. بازاردا سېتىلىۋاتقان تەييار چۆپلەرنى ئۇزۇن ساقلاش ئۈچۈن خېمىرغا چىرىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى ۋە پىگمېنت قوشۇلىدۇ. بۇ ماددىلارنى كۆپ يېگەندە ئادەم بەدىنىگە زىيان قىلىدۇ. تەييار چۆپتە ئوزۇقلۇق كەمچىل بولۇپ، ئۇنى ئۇزاق مۇددەت يېگەندە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

پىلتە قويماق. پىلتە قويماقلارغا قوشۇلىدىغان زەمچىلەرنىڭ تەركىبىدە بىر خىل قوغۇشۇنلۇق ئانئورگانىك ماددا بار بولۇپ، قوغۇشۇن بەك كۆپ يېيىلىپ كەتسە، بۆرەكنىڭ ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشى قىيىنغا توختايدۇ ھەمدە ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ھەم نېرۋا ھۈجەيرىسىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. (زەھەرلەيدۇ) .

هاك بىلەن پىشۇرۇلغان تۇخۇم. هاك بىلەن پىشۇرۇلغان تۇخۇمغا بەلگىلىك مىقداردا قوغۇشۇن ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنى دائىم ئىستېمال قىلغاندا، قوشۇغۇن بەدەن ئىچىدە يىغىلىپ، زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

چىلىغان كۆكتات. كۆكتاتلار چىلىنىش جەريانىدا، ئاممونىترىت دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل راك پەيدا قىلغۇچى ماددىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى دائىم يېيىشكە ۋە كۆپ يېيىشكە بولمايدۇ.

گازىر. ئۇنىڭ تەركىبىدە تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى مول بولۇپ، ئۇنى كۆپ يېگەندە، بەدەن ئىچىدىكى خولىننى خورىتىۋېتىدۇ. مايىنىڭ ماددا ئالمىشىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇ جىگەر ھۈجەيرىسىنىڭ ئىقتىدارىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.(02)



## زۇكام ۋە چىنقىش

زۇكام بولغاندا، ئادەم بەدىنى كېسەل ۋىرۇسى ۋە باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، مۇداپىئە سىستېمىسىنى قوزغاپ «جەڭ»گە ئاتلىنىدۇ - دە، بەدەن تېمپېراتۇرىسى مەلۇم دەرىجىدە ئۆرلەپ، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى كۆپىيىپ، ئانتىتېلار ھاسىل بولۇشنى ۋە جىگەرنىڭ زەھەر قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەزالارنىڭ ماددا ئالمىشىشى تېزلىشىپ، توقۇلما ئەزالارنىڭ ماددا ئالمىشىشى كۈچەيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇسكۇللارنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەگەر داۋاملىق بەدەن چېنىقتۇرغاندا، بەدەندىكى ئىسسىقلىق ھاسىل بولۇش سۈرئىتى ھەسسىلەپ تېزلىشىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ



## ئەپچىل چارىلە

△ يۇڭ كىيىمنىڭ يوڭى ئۆرلەپ تۇ... ئىشلىتىدىغان T شەكىللىك ساقال قىرغۇچ بىلەن... قىرسۇۋەتسە، يۇڭ كىيىمنى يۇرۇپ قويمىغان... چۈشۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ.

△ كىرئالغۇغا سوپۇن پاراشوكى زىيادە سېل... كېتىپ، كىرنى چايقاشقا تەسىر يېتىدۇ. بۇنداق... تۇز سېلىۋەتسە، ماغزاپ دەرھال يوقايدۇ.

△ ئاق شېكەر كاللەكلىشىۋالغاندا، كىچىك ب... چىلەك سىقىۋەتكەندىن كېيىن، شېكەر قاچىسى... قويسا، بىر كۈندىن كېيىن شېكەر بوشاپ ئە...

△ يېڭى ئۆي جاھازىسىنىڭ سىر پۇرىقى كۆ... تەخسىگە قويۇپ، ئاندىن تەخسىنى ئۆي ج... ئىشكىنى ئېتىپ قويسا، نەچچە سائەت... كېتىدۇ.(02)

## ياشانغانلار تاماقتىن ئىلگىرى...

چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇن نېمە ئۈچۈن ئازراق ئۇخلىۋېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇخلىغاندا پۈتۈن بەدەننىڭ تېلىپ ئاغرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەم بەدىنىدىكى قاندا نىسبەتەن مۇقىم بولغان كۆرسەتكۈچ بولۇپ، ئادەم تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن قانلار شۇئانلا ھەزىم قىلىش سىستېمىسىغا قاراپ يۈرۈشىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن چوڭ مېڭە ۋە پۇت-قولنى تەمىنلەيدىغان قان نىسپىي ھالدا ئازلاپ كېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئادەمنىڭ پۇت - قول ۋە چوڭ مېڭىسى يېتەرلىك بولغان ئوكسىگېن، ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرىغا ئېرىشەلمەي ماددا ئالمىشىشۇ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنالماي قالىدۇ- دە، ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ياشانغانلار ئەتىگەن ۋە چۈشتىن بۇرۇنقى پائالىيەتتىن كېيىن، ئەڭ ياخشىسى چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇن ئازراق ئۇخلىۋېلىپ ئاندىن كېيىن تۇرۇپ تاماق يېيىشى كېرەك. بۇ ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشتۇرۇلسا بولسا ئۇنۇمى ئىلگىرىكى تاماقتىن كېيىن چۈشلۈك دەم ئېلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان بەدەننىڭ بىئاراملىقىنى يوقىتىپلا قالماستىن بەلكى روھىمۇ جانلىنىپ، تۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنىڭ قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.(02)



(مۇھەممەت ئىمىن . ت)

## تۇرمۇشقا تەبىر

تۇرمۇش پۇرسەت دېمەكتۇر، ئۇنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك.

تۇرمۇش گۈزەللىك دېمەكتۇر، ئۇنى مەدھىيلەش كېرەك. ئۇنى قوغلىشىش كېرەك.

تۇرمۇش كۈرەش دېمەكتۇر، ئۇنىڭغا قاتنىشىش كېرەك.

تۇرمۇش سەپەر دېمەكتۇر، ئۇنىڭدا مېڭىش كېرەك.

تۇرمۇش خەير - ئېھسان دېمەكتۇر، ئۇنى تاپشۇرۇۋېلىش كېرەك.

تۇرمۇش تەۋەككۇل قىلىش دېمەكتۇر، ئۇنى باشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

تۇرمۇش مەسئۇلىيەت دېمەكتۇر، ئۇنى ئادا قىلىش كېرەك.

تۇرمۇش ئويۇن - تاماشا دېمەكتۇر، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش كېرەك.

تۇرمۇش ھەسرەت چېكىش دېمەكتۇر، ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىش كېرەك.

تۇرمۇش ئاق قەغەز دېمەكتۇر، ئۇنىڭغا گۈزەل رەسىملەرنى سىزىش كېرەك.



تۇرمۇش نىشان دېمەكتۇر، ئۇنىڭغا يېتىش كېرەك.(02)

(ئەنۋەر يۈسۈپ . ت)

## ئىغىز چايقاشتا...

كىشىلەر ھەر كۈنى چىشنى چوتكىلايدۇ. لېكىن، ئاز سانلىق كىشىلەر ئىلمان سۇدا چىش چوتكىلاش توغرىسىدىكى تەلىماتنى ئەتىۋار قىلماقتا. ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، چىش - سېلسىيە 36.5 - 35 گرادۇسلۇق ئېغىز تېمپېراتۇرىسىدىلا ئاندىن نورمال ماددا ئالمىشىشقا قاتنىشالايدۇ. چىش، داۋاملىق ئىسسىق ۋە سوغۇق غىدىقلىنىشقا ئۇچرىسا، چىش مىلىكىدىن قان چىقىش ياكى چىش مىلىكى تارتىشىپ قېلىش ئەھۋاللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، نەتىجىدە، چىشنىڭ نورمال ماددا ئالمىشىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، چىش كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئالىملار ئىلمان سۇ بىلەن ئېغىز چايقاش، چىش چوتكىلاش لازىم، دەپ قارايدۇ. (02)

(رەيھانگۈل ئابدۇراخمان . ت)





↑ ئابدۇسالام مۇتەللىپ يازغان



↑ مۇھەممەتتۇرسۇن قادىر يازغان



↑ ئەكبەر قادىر يازغان



← دىلشات
پەرھات يازغان

↓ ھەبىبۇللا
ھامۇت يازغان



# بوگۇنكى ياپونىيە . «پادىشاھ سامۇرايلىرى» قانداق ياشايدۇ

## - ياپونىيەدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

★ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ★

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

### 3 . ياپونىيەدە مەدەنىيەت

ئېلىمىزنىڭ شەرقىي قوشنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياپون خەلقى قەدىم زامانلاردىن تارتىپ ئېلىمىز ۋە ئېلىمىز خەلقى بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. ئېلىمىز خەلقمۇ، كۈن چىقىش تەرەپتىكى قوشنىسى - ياپونىيىنى خېلى تەپسىلىي كۆزىتىپ، رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي تارىخنامىلەردە خېلى مۇپەسسەل خاتىرە قالدۇرۇپ بارغان. ئىقتىسادىي تەرەققىيات، دۆلەت تۈزۈمى، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزلىرىدىن كۆپ ئۇزاپ كەتكەن جۇڭگوغا زور قىزىقىش نەزەرى بىلەن تىكىلىشكە باشلىغان. شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرىغا پەسەنت قىلماي جۇڭگوغا كەلگەن راھىبلار، ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر جۇڭگو بۇددىستلىرىنى، سەنئەتكارلىرىنى ئۇستاز تۇتقان، جۇڭگونىڭ 4 چوڭ كەشپىياتىنى ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرگەن. خەنزۇ يېزىقىدىن ئۆز مۇددىئالىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پايدىلانغان. يەنە ئۇلار بۇددا دىنىنى، بۇددا مەدەنىيىتىنى، كۇڭزىچىلىق تەلىماتىنى، ئىلغار دۆلەت تۈزۈمىنى ئېلىپ كەتكەن.

1868 - يىلدىكى «يېڭىلىققا كۆچۈش» ھەرىكىتىدىن كېيىن كاپىتالىزمنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، فېئودال جاھانگىرلىككە ئايلانغان ياپونىيە مىللىتارىستلىرى جۇڭگوغا قارشى بىر قانچە قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، «تۇز بەرگەننىڭ تۇزلۇقىنى چېقىش» قا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن، مەدەنىيەتتىكى مەنبەداشلىق ۋە تارىخىي دوستلۇق ئەنئەنىسىنى قەدىرلەيدىغان ياپون خەلقى بۇ ئەنئەنىنى تا بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قويۇق شەرق تۈسىنى ئالغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى گەرچە پادىشاھ مېدزى زامانىسىدىن باشلاپ قوبۇل قىلىنىشقا باشلىغان غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئاستا - ئاستا سىڭىشىپ، ھازىرقى زامان ياپون مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ 2 مەدەنىيەتنىڭ تېخى «ئارىلىشىپ بولالمىغان» ئالاھىدە بۆلەكلىرى بۈگۈن ھەم باشقا - باشقا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

پاكىزلىق - زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدە ئىپادىلىنىشى، ئۇ شەرق مەدەنىيىتىگىمۇ، غەرب مەدەنىيىتىگىمۇ ئورتاق نەرسە، شۇنداقلا مەدەنىي ئادەمگە خاس نەرسە. ياپونىيەدە، مەيلى چوڭ شەھەردە ياكى كىچىك شەھەردە ھەتتا يېزىلاردا بولسۇن، مۇھىتنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ پاكىزلىق كىشىگە خۇددى باشقا بىر مەدەنىي پلانېتقا كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن.



پاكىزە ۋە ئازادە توكيو كوچىلىرى

كوچا- كويلار، ئاممىۋى سورۇن تۇگۇل، سەپسالىدىغان ئادەم بولمىغان ئارقا كوچىلاردىمۇ ھېچكىم قالايمىقان تۇكۈرمەيدىكەن، قالايمىقان بۇرنىنى تاشلىمايدىكەن. ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ، كوچىلارنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا خېلى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇكۇرۇك قاچىسى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدىكەن. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ «كۆرگەنلا يەرگە قالايمىقان تۇكۈرمەڭ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋىۋىسكىسىنى جاي - جايلارغا چاپلاپ قويغان بىلەن تۇكۈرىدىغانغا تۇكۇرۇك قاچىسى قويۇلمىسا، بۇنداق تەشۋىقاتنىڭ ئۈنۈمى بولۇشى ناتايىن ئىكەن، دېگەن ئويغا كەلدىم.

مەن زىيارەت داۋامىدا جامائەت سورۇنىدا، كوچىلاردا تاماكا چېكىۋاتقانلارنى كۆرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ياپونلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تاماكا چەكمىسە كېرەك دېگەن تۇيغۇغا كەلمەيمۇ قالمىدىم. كوچىلاردا كېتىۋېتىپ، خۇمارىمىز تۇتۇپ ئۆگەنگەن ئادىتىمىز بويىچە بىر نەچچە قېتىم تاماكا چەككەن بولساقمۇ، بىرەر مەخسۇس خادىم ياكى بىرەر پىدائىي خادىمنىڭ كېلىپ تاماكا چەككەنلىكىمىزنى ئەيىبكە بۇيرىغانلىقىنى ياكى تەنبىھ بېرىپ، جەرىمانە قويغانلىقىنىمۇ ئۇچراتمىدىم. كېيىنچە ياپونىيىنىڭ ئاممىۋى ئەخلاقتا مەجبۇرلاش ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ھەممىدە ئاڭلىقلىقتا تايىنىدىغان، يۈزلۈك قىزارمىسىلا تاماكا چەكسىگىمۇ، يولغا قۇسساڭمۇ، ھەتتا ئىشتانسىز كوچىغا چىقساڭمۇ ھېچكىمنىڭ چاتىقى بولمايدىغان، چاتىقى بولدى دېگەندىمۇ توغرىدىن توغرا ئەيىبلىمەي 9 تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئىزا تارتقۇزىدىغان بىر ئەل ئىكەنلىكىنى ئۇققىنىمدا يوقىرىقىلارغا ئانچە ھەيران قالمىدىم.

مەن شاڭخەيدە كىيىۋالغان «Lionardo» ماركىلىق يېڭى ئايغىمنى شاڭخەيگە قايتىپ كەلگۈچە بولغان 13 كۈن ئىچىدە بىر قېتىممۇ سۈرتمىگەنلىكىم، ئايغىمنىڭ بولسا ماگىزىندىن سېتىۋالغان پېتى پارقىراپ تۇرغانلىقىمۇ ياپونىيە مۇھىت تازىلىقىنىڭ بىر مۆجىزىسى.

مەن 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى توكيو ۋاقتى بىلەن كېچە سائەت 2 دە تاماكام تۈگەپ خۇمارىم تۇتۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ئۆزۈم يالغۇزلا تاماكا سېتىۋالغىلى تالاغا چىقتىم. ماگىزىنلار ۋە ئاپتوماتىك تاماكا سېتىش ماشىنىلىرى تاقىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن كېچىنىڭ يورۇق ۋە سالقىن ھاۋاسىدا مېھمانخانىمىز جايلاشقان ئۇنىيو رايونىنى تولۇق 2 مەرتە ئايلىنىپ چىقتىم. دەل شۇ چاغدا پارقىراق كىيىم كىيگەن تازىلىق ئىشچىلىرى كوچىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئەخلەت ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەلگەن ئەخلەتچىلەر ئۆيلەرنىڭ دوقمۇشىغا رەتلىك تىزىپ قويۇلغان سۇلياۋ خالتىلارنى ماشىنىغا بېسىۋېتىپتۇ. دىققەت بىلەن قارىسام، ھەر بىر خالتىغا بىر خىل ئەخلەت قاچىلانغان ئىكەن. كېيىن سۈرۈشتۈرسەم ياپون ئاھالىلىرى ئەخلەتنى ئالدى بىلەن تۈرگە ئايرىپ، قەغەز تۈرىدىكى، ئەينەك تۈرىدىكى، قاڭالتىر تۈرىدىكى ئەخلەتلەرنى ئايرىم - ئايرىم خالتىلارغا قاچىلايدىكەن. باشقا خىلدىكى تۇرمۇش چىقىرىندىلىرىنى بولسا يەنە ئايرىم بىر خالتىغا قاچىلايدىكەندە، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئاپىرىپ، خۇددى سەكسەن خالتا ياپىسىدەك رەتلىك تىزىپ قويىدىكەن. ئەخلەت زاۋۇتلىرى بۇنداق ئەخلەتلەرنى ئۆز تۈرى، ئۆز خىلى بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەيدىكەن، جەمئىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتىدىكەن، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭمۇ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالالايدىكەن.

مۇھىت مەسىلىسى ۋە ئاممىۋى پاكىزلىق تىلغا ئېلىنغاندا ياپونىيىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى بىر قۇر «تەسۋىرلەپ» ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ تەسۋىر بەلكى «پالانى ياپونىيىنىڭ ھەممە نېمىسى ياخشى، ھەتتا ھاجەتخانىلىرىمۇ خۇش پۇراق بىلەن تولغان دېدى» دېگەن بىمەنە تەھلىلگە ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، چەت ئەلنىڭ ياخشى يېرىنى ياخشى، يامان يېرىنى يامان دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان زامان ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەچكە، بۇنداق تەھلىلدىن تەھلىكە ھېس قىلىشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق.

ياپونىيىدە مەيلى ئاممىۋى ھاجەتخانىلار بولسۇن، مەيلى ئىدارە - مەكتەپلەرنىڭ، جامائەت سورۇنلىرىنىڭ

قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، مېيىپلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، مېيىپلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشمۇ مەدەنىيەت، مەرىپەت تېمىسىغا ياتىدىغان بىر مۇھىم مەسىلە.

كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ياپونىيىدە ھەر قانداق ئاممىۋى ئەسلىھەلەر لايىھەسىدە مېيىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىكەن.



ئوساكادىكى چىرايلىق يول

مەسىلەن ئالساق، يەر ئاستى پويىزى، يەر ئۈستى پويىزى بولسۇن، ۋاگونلارنىڭ 2 تەرىپىدە «مېيىپلار ۋە ياشانغانلار ئۈچۈن» دېگەن ئەسكەرتىش قەغىزى چاپلانغان مەخسۇس 12 كىشىلىك ئورۇن بولىدىكەن. ۋاگون ئىچى قانچىلىك قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتمىسۇن، بۇ ئورۇن يەنىلا بوش قالدۇرۇلىدىكەن، سىرتتىن كەلگەنلەر ياكى ئەھۋالدىن بىخەۋەر كىشىلەر بۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئورۇندۇق بېشىغا چاپلانغان ھېلىقى ئاگاھلاندۇرۇشنى كۆرۈپ قالسىلا، ئوڭايسىزلانغان ھالدا بۇ ئورۇندىن تۇرۇپ كېتىدىكەن.

دەستلەپكى كۈنلەردە ياپون يېزىقى ياكى ئىنگلىز يېزىقىدىن ساۋاتسىز بولغىنىمىز ئۈچۈن، بۇ بوش تۇرغان ئورۇنغا «ئەجەپمۇ ئوبدان بىكار ئورۇنكەن» دەپ ئولتۇرۇۋالغان چاغلىرىمىزمۇ بولدى، كۆزىتىش ۋە باشقىلاردىن ئاڭلاش ئارقىلىق بۇ «بوش ئورۇن»نىڭ رولىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن بىزمۇ مەدەنىيلىشىپ، ئۆرە تۇرساق تۇردۇقكى، بۇ ئورۇنغا ئولتۇرمايدىغان بولدۇق.

راست گەپنى قىلسام، يەر ئاستى تۆمۈر يول ۋوگزاللىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىن تاكى پويىز ھاجەتخانىلىرى بولسۇن، ھەممىسى كۆركەم، قولايلىق قىلىپ جاھازلانغان بولۇپ، تېگىگە ۋە تاملىرىغا ئالىي دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلگەن ئىكەن. ئارا تاملار مەرمەر تاشتىن، قول يۇيىدىغان مۇقىم داسلار ۋە ئاسما داسلىرى سۈپەتلىك ئاق چاقچۇقتىن، تۇرۇبا، جۈمەكلىرى داتلاشماس پولاتتىن، ئىشىك - دېرىزىلىرى ئاليۇمىن قېتىشمىلىرىدىن ياسالغان بولۇپ، ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسىمۇ يۇقىرى ئىكەن. ھاجەتتىن كېيىن سۇ جۈمەكلىرىگە قول ئۇزىتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. قول يۇيىدىغان جايغا سوغۇق سوپۇن قۇتىسى جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قولنىمۇ قول قۇرۇتۇش ماشىنىسىدا قۇرۇتىدىغان گەپ ئىكەن. بارلىق ھاجەتخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان قەغەز ئوخشاش ماركىلىق قەغەز بولۇپ، سۇغا چۈشكەن ھامان ئېرىپ دۇغقا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. ھاجەتخانىلارغا خۇش پۇراق ماددىلار قويۇلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەغەز سىڭۋەتلىرىنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ھاۋاسى تاشقىرىنىڭ ھاۋاسىدەك ساپ ۋە پاكىز بولىدىكەن.

مەدەنىيەت ھەققىدە سۆز بولغاندا مەزكۇر ماقالەمنىڭ ئالدىنقى سانىغا بېرىلگەن قىسمىدىكى «ياپونىيىدە قاتناش» دېگەن بۆلىكىگە سىغماي قالغان مۇنۇ بىر پارچىنى

سۈپىسىدىكى پويىز ئىشىكى توغرا كېلىدىغان يەرگىچە سىزىلغان تارغىنە «يول ئىچىدىكى يول». ياپونىيىگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ماڭا خۇددى تېپىشماقتەكلا تۇيۇلدى. 10 نەچچە مېتىر كەڭلىكتىكى ۋوگزال يولىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان، بۇدۇر - چوقۇر سېمونت خىشتىن ياپسا كەلتۈرۈپ ياسالغان بۇ يول سېرىق رەڭدە بولۇپ، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىرچە كېلىدىكەن. ئەگىلىدىغان جايلىرىمۇ 90 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ياساپ ئەگىلىدىكەن. كېيىن بىلدىمكى، بۇ تار يول ئەسلىدە ئەما يولۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە مەخسۇس ياسالغان بولۇپ، ۋوگزالغا چۈشۈپ پويىزغا ئولتۇرماقچى بولغان ئەما يولۇچى پەقەت ئايىغىنىڭ سېزىمى ئارقىلىقلا بۇ بۇدۇر - چوقۇر يولنى بويلاپ پويىز ئىشىكىنىڭ ئالدىغىچە يېتىپ بارالايدىكەن. يەنە شۇ يول بىلەن پەلەمپەيلەردىنمۇ ئوڭۇشلۇق ھالقىپ ۋوگزال ئىچىگە چىقالايدىكەن. بۇ يول يەنە ئۇلارنى ۋوگزال ئىچىدىكى بارىدىغان يېرىگە ـ ئاشخانىغا، ھاجەتخانىغا... باشلاپ بارالايدىكەن. سېرىق رەڭ قاتناش قائىدىسىدە ئېھتىيات رەڭگى بولۇپ، بۇ تار يولنىڭ سېرىق رەڭدە بولغىنى كۆزى نورمال كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش، ئەمالارنى سوقۇۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن.

ئادەتتە ھەر قانداق شەھەردە ماشىنا ۋە پىيادىلەر كېسىپ ئۆتىدىغان يول ئاغزىدا قاتناش قوماندانلىق چىرىغى بولىدۇ. ياپونىيىدە بۇنداق قوماندانلىق چىرىغى ئورنىتىلغان تۈۋرۈكلەردە 2 نەرسە ـ بىر ئېلېكتىر كۇنۇپكىسى ۋە بىر رادىئو كارنىيى ئارتۇق بولۇپ، بۇ نەرسىلەرمۇ خۇددى «يول ئىچىدىكى يول» غا ئوخشاشلا ئەما يولۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن. ئەما يولۇچى تار سېرىق يولنى بويلاپ يول ئاغزىغا كېلىپلا تۈۋرۈكنىڭ گەۋدىلىك يېرىگە ئورنىتىلغان يوغان كۇنۇپكىنى سىلاپ يۈرۈپ تېپىۋالىدىكەندە، كۇنۇپكىنى باسىدىكەن. كۇنۇپكىغا تۇتاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق مېڭە شۇ ھامان ئىشقا كىرىشىپ، رادىئو كارنىيى ئارقىلىق مەلۇمات بېرىشكە باشلايدىكەن. ئەگەر شۇ چاغدا يېشىل چىراغ يېنىۋاتقان بولسا، ياپون تىلىدا: «يېشىل چىراغ يانغىلى مۇنچە سېكۇنت بولدى، يەنە مۇنچە سېكۇنتقىچە يولدىن ئۆتۈپ بولۇڭ» دەيدىكەن. مۇبادا قىزىل چىراغ يېنىۋاتقان بولسا: «ھازىر يولدىن ئۆتسىڭىز بولمايدۇ، يېشىل چىراغ يانغاندا دەرھال خەۋەر قىلىمەن» دېگەن مەزمۇندا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ كۇنۇپكا بىلەن كارناي ئەما يولۇچىنىڭ ماشىنا يولىدىن كېسىپ ئۆتۈشىگە يېقىن ياردەمدە بولىدىكەن.

بۇنىڭغا قاراپ مەن «ياپونىيىدە بەلكى ئەمالار كۆپ بولسا كېرەك» دەپ ئويلىۋىدىم، ئەمەلىيەتتە 12 كۈن ئىچىدە شۇنچە دىققەت قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ، ئوساكادا پەقەت بىرلا ئەمانى يولۇقتۇردۇم.

## 4. ياپونىيىدە ياش ـ ئۆسمۈرلەر مەسىلىسى

ياش ـ ئۆسمۈرلەر قاتلىمى گەرچە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ نىسبەت سېلىشتۇرمىسىدا يەنىلا مەلۇم سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھازىرىغا قاراپ ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ بۈگۈنىگە، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئەتىكى يۈزلىنىشىگە ئومۇمەن توغرا باھا بەرگىلى بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ياپونىيە ياشلىرىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە باشقا تەرەپلىرى پۈتكۈل زىيارەت داۋامىدا قىزىقىشىمنىڭ ۋە دىققەت نەزىرىمنىڭ دەل مەركىزىدە تۇردى دېسەممۇ بولىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، تېخى دائىرىلەرنى رازى قىلالىغۇدەك ھەل بولۇپ كەتمىگەن ياش ـ ئۆسمۈرلەر مەسىلىسى كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا يېگىپ بولالمايدىغان بىر مەسىلە تەرىقىسىدە ياپونىيىنىڭ مائارىپ، تەربىيە تارماقلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ.

بىز زىيارىتىمىزنىڭ 6 ـ كۈنى، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن توكيو شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان «ياپونىيە ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەربىيە كونگرېسى» گە زىيارەتكە باردۇق. بۇ جاي بىزدىكى ياش-



مىدزى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۆرۈشۈش زالىدا

ئۆسمۈرلەر سارىيىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان، ئويناپدىغان رولىمۇ شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان بىر ئورگان ئىكەن. كەڭ ۋە يورۇق يىغىن زالىغا كىرگەندىن كېيىن، بىزنى «ياش - ئۆسمۈرلەر تەربىيىسى كونگرېسى» نىڭ ئورۇنباسار باشلىقى، ئوبوروت ئىقتىسادىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي سېكسىيىسىنىڭ لېكتورى بۇنزو كامىمورا ئەپەندى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە مۇنبەرگە چىقىپ ياپونىيە ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ هازىرقى هالىتى، تەربىيىلىنىشى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر هەققىدە سۆزلەپ بەردى.

كامىمورا ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ياپونىيىدە هازىر يەنىلا 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈۋېتىپتۇ. بۇ 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ئوقۇشقا كىرىشتىن بۇرۇنقى تەربىيىنى هېسابقا ئالمىغاندا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى بولۇپ، مەكتەپلەر ئاساسلىقى ئۆز - ئۆزىنى قامداش خاراكتېرىدىكى شەخسىي مەكتەپلەردىن ئىبارەت ئىكەن. بۇنداق مەكتەپلەر پەقەت ئوقۇغۇچىلاردىن كىرىدىغان ئوقۇش پۇلى كىرىمى بىلەنلا ئوقۇتۇشنى يولغا قويىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىمۇ ئاشۇ سوممىا ئىچىدىن تۆلىنىدىكەن. دۆلەت مائارىپ ۋازارىتى پەقەت ئالاهىدە مائارىپ ئەسلىهەلىرى ئۈچۈنلا مەبلەغ سالىدىكەن. قانۇن - تۈزۈم خېلى مۇكەممەل بولغان بۇ ئەلدە هەر قانداق بىر ياش - ئۆسمۈر قانۇن بويىچە 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىكەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئاسپىرانتورىيە قاتارلىقلارغا ئۆرلەش يۇقىرانىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولسىمۇ، رىقابەت بىلەن تولغان بۇ زېمىندا تېگىشلىك بىلىم ۋە قابىلىيەت ئىگىلەپ ئەقەللىسى بىر كىشىلىك نېنىنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈنمۇ ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى ئېلىشنى خالايدىغانلار يەنىلا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. پەقەت توكيو شەهرىگە جايلاشقان ئالىي مەكتەپنىڭ سانىلا 100 دىن ئاشىدىغانلىقى، بۇ سان تېخى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپ سانىنىڭ ئاران % 30 نى ئىگىلەيدىغانلىقى قەيت قىلىنسىلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى خالايدىغانلارنىڭ ۋە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

كامىمورا ئەپەندىنىڭ 2 سائەت داۋام قىلغان لېكسىيىسىدىن يەنە شۇنى بىلىۋالدۇقكى، ياپونىيە ياش - ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان قانۇن ۋە ئەخلاققا خىلاپ مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەسكەن، بۇلارنىڭ گەۋدىلىكرەكى، ئوقۇشتىن قېچىش، رۇخسەتسىز ۋە رۇخسەت بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىش، توپلىشىپ جېدەل قىلىش، شەهۋانىيەتكە بېرىلىش هادىسىلىرى ئىكەن. خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەدەنىيەتتە خېلى غەربلەشكەن ۋە غەربنىڭ ئەركىنلىكىگە مەستانە بولغان بەزى ياپون ياشلىرى، جۈملىدىن قىزلار تالالىق قىلىنمايلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىكەن، هەتتا ئوغۇل دوستلىرىنىڭ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىكەن. بۇ هال چوڭلار تەرىپىدىن ئانچە ئېغىر ئېلىنمايدىكەن. بۇ



كامىمورا ئەپەندىنىڭ ھوزۇرىدا

چوڭلارنىڭ ئامالسىزلىقىنىڭ ئىپادىسىمۇ ياكى ئادەت شۇنداقمۇ، بۇنىڭغا كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەسەكمۇ، لېكىن ئۇقۇشىمىزچە، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ خىراجىتىگە ئايدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئۆزگە ئارتۇق پۇل - پىچەك بەرمەيدىكەن، يېشىغا يەتكەن پەرزەنتلەر مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئۆز كۈنىنى ئېلىشى كېرەككەن، بۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئائىلە يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە، باللىرىنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسى تېگەرمىش.

بىز زىيارەت داۋامىدا ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى كىيگەن، ئوقۇغۇچىلىق سومكىسى ئېسىۋالغان توپ - توپ ياشلارنىڭ ئاشپۇزۇللاردا تاماق يەپ، بولۇشىغا پىۋا ئىچىشىۋاتقىنىنى ياكى ئاشپۇزۇللارنىڭ ئالدىدا توپلىشىۋېلىپ، نېمىلەر ئۈستىدىندۇر قىزغىن سۆزلىشىۋاتقىنىنى كۆردۇق. بۇلار ئارىسىدا مەست بولۇپ دەلدەڭشىپ يۈرگەنلەرنى، كىچىك تۇرۇپلا بالا كۆتۈرۈۋالغان قىزلارنىمۇ ئۇچراتتۇق. ئۇقۇشساق، ئۇلار قانداقتۇ بىرەيلەننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەۋاتقان، قانداقتۇ بىرىنىڭ تويىنى قۇتلۇقلاۋاتقان ياش ئوقۇغۇچىلار ئىكەن. بىر كۈنى توكيودا بىر رېستوران ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھەر بىر جۈپى بىردىن بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغان 10 نەچچە جۈپ ياشنى كۆرۈپ قالدۇق، ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئەمدىلا ئاشپۇزۇلدىن چىقىۋاتقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ كۆپ بولسا 20 لەردىن ھالقىمىغىنىغا قاراپ، ياپونىيىدە كىچىك تۇرۇپ توي قىلىش ئادىتى بارمۇ نېمە دېگەن ئويدا ئەجەبلىنىپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق.

ياپون ياشلىرى قارىماققا سەل ۋىجىك، پاكار، ئورۇق بولۇپ، چىراي تۇرقىمۇ ئادەتتىكىچىرەك كېلىدىكەن. چاچ پاسونى شۇنچىلىك ئۆزگىچە ئىكەنكى، كىم قانداق تاراشنى خالىسا شۇنداق تارىۋالىدىكەن، ھەتتا بەزىلىرى چېچىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىدىكەن. بەزى ياشلار چېچىنى ھەر خىل رەڭدە بوياپ، ئاچقۇچ بېغى، ئەينەك نەيچە، سۇلياۋ تۇگمە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېسىۋالىدىكەن. ئوساكادا ۋوگزالدا كېتىۋېتىپ، چېچىغا ئەنە شۇنداق كۆرگەنلا نەرسىنى ئېسىۋالغان، پۇتىغا چارلىز چاپلىنىنىڭ ئۆزۈن ئايىغىدىن يەنە بىر ھەسسە ئۇزۇنلۇقتىكى ئاياغ كىيىۋالغان 16 ــ 17 ياشلاردىكى بىر قىزنى كۆردۇق.

بىراق، ياپون ياشلىرىنىڭ كىيىنىشى شۇنچىلىك ئاددىي ئىكەنكى، بىرەر داڭلىق ماركىلىق كىيىم كىيىۋالغان ياشنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. بەزىلىرى كىيىۋالغان چاپان جۇڭگو بازىرىدا 10 يۈەنگىمۇ ئەرزىمەيدىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشى يەنىلا پاكىز ئىكەن.

ياپون بازارلىرىدا چىرايلىق بىر قول تېلېفوننى (داگېدانى) قىممەت دېگەندە 2000 يېنغا (خەلق پۇلى ھېسابىغا 150 يۈەنگە) سېتىۋالغىلى ۋە ئاز پۇل خەجلەپلا تورلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بۇنداق تېلېفون ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئىكەن. ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى كىيىۋالغان ياشلار خالىيراق يەرلەردە تۇرۇۋېلىپ كىملەرگىدۇ ئۇزۇن-ئۇزۇن تېلېفون بېرىدىكەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# «تەكلىماكان» نامى توغرىسىدا

## يېڭى بايقاش

★ مەتتۇرسۇن مەتقاسىم ★

» تەكلىماكان» دېيىلسە، قەدىمقى ۋە هازىرقى ئەدىب، پەيلاسوپ، ئارخېئولوگ، سىياسىئون، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى، تەبىئەتنىڭ شەپقەتسىز جازاسىغا ئۇچرىغان قەدىمىي شەھەر-قەلئە خارابىسىنىڭ ھالىتى پەيدا بولغان ۋە بولىۋاتىدۇ.

بۇ بىپايان قۇملۇقنىڭ نامى توغرىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان ھەر خىل رىۋايەتلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە. شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب فاشيەن يازغان «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا بۇ يەر «قۇم ئېقىنى» دەپ ئاتالغان ھەم مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«قۇملۇقتا ئىبلىس بىلەن ئىسسىق شامال بولىدۇ. ئۇنىڭغا يولۇققانلار تىرىك قالمايدۇ، ئەتراپتا ھېچنەرسە كۆزگە چېلىقمايدۇ، يول تېپىلمايدۇ، ئادەمنىڭ قاقشال بولۇپ كەتكەن ئۇستىخانلىرى بىلەن قىلىنغان بەلگىلەرلا بار...» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب شۈەنجۇاڭ يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربىي رايونغا قىلىنغان ساياھەت» دېگەن كىتابتا: بۇ يەر «كۆچمە قۇملۇق» دەپ ئاتالغان ۋە «قۇم كۆچۈپ تۇرىدۇ، ئادەم ئىزىنى يوقىتىۋېتىدۇ، بارغانلا ئادەم ئېزىپ قالىدۇ» دېيىلگەن. كىتابتا يەنە بۇ يەرنىڭ ئىنتايىن سۈرلۈك ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپ «ئارىلاپ ناخشا، يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، لېكىن ئادەم ئۇ ئاۋازنىڭ قەيەردىن چىققانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭقىرالمايدۇ» دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر خەلقى بۇ قۇملۇققا جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىسىم قويۇپ ئۇنى «تەكلىماكان» دەپ ئاتىغان. بۇ ئۇيغۇرچە نام قۇملۇقنىڭ يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلىرىنى توغرا ھەم سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن يازغان «شىنجاڭ قۇملۇقىغا ساياھەت» ۋە ئەنگلىيىلىك ستەيىن يازغان «غەربىي رايون ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» دېگەن بۇ 2 مەشھۇر كىتابتا بۇ قۇملۇق «تەكلىماكان» دەپ ئۇيغۇرچە نام بىلەن ئاتالغان.

لېكىن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلمىي خادىملارنىڭ «تەكلىماكان» دەپ ئۇيغۇرچە

ئاتالغان بۇ نامنىڭ ئېتمولوگىيىسى ۋە مەنىسى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار تا ھازىرغىچە ئوخشاش ئەمەس، مەسىلەن: «شائخەي لۇغەت نەشرىياتى» نەشر قىلغان قامۇسنىڭ 1- توم 1245- بەتتە تەكلىماكان مۇنداق شەرھلەنگەن: «بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا، بارسا كەلمەس يەر، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ». يەنە شىنخۇا نەشرىياتى نەشر قىلغان «غەربىي رايون يەر-جاي ناملىرى» دا تەكلىماكان مۇنداق شەرھلەنگەن: «تەكلىماكان تۈرۈكچە (قۇم دېڭىزى)، دېگەن مەنىدىكى سۆز، ئۇ شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ چۆللۈك». بۇ قاراشلار قەدىمكى دەۋرلەردىكى «قۇم دېڭىزى» دېگەن سۆزگە يېقىن كەلسىمۇ، لېكىن بىز ئېيتىۋاتقان «تەكلىماكان» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئۇندىن باشقا يەنە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزىلەر «تەكلىماكان» دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى ۋە مەنىسى «ئۇزۇم يۇرتى»، «ئۇزۇم بولىدىغان جاي» دەپ قاراپ، «تەكلىماكان» دېگەن سۆز تۈرپان شىۋىسىدىكى «تەك» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرزەنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بەزىلەر «تەكلىماكان» دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى «ئەسلى ماكان»، «تەكتى ماكان»، «يەر ئاستىدىكى گۆھەر زېمىن»، «سىرلىق ماكان» دەپ قارىدى.

دېمەك «تەكلىماكان» نامى توغرىسىدا كىشىلەر يۇقىرىقىدەك كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۆۋەندە ئۆزۈمنىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

«تەكلىماكان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «تەكەلەر ماكانى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، بۇنىڭدىكى ئاساس بولسا، ھازىرقى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە دەريا بويى بويىسى جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ كېرىيە ناھىيىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 270 كىلومېتىردىن ئارتۇق، ھازىر بۇ يەردە 172 ئائىلە، 441 نەپەر ئەر، 391 نەپەر ئايالدىن تەركىب تاپقان 632 نەپەر ئادەم جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ قىسمەن چەكلىمىسىنى بۇزۇش، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش داۋامىدا 15 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر زېمىن دائىرىسىدە 1 مىليون 161 مىڭ 600 مو بوستانلىق، توغراق بىلەن يۇلغۇننى ئاساس قىلغان 624 مىڭ 600 مو ئورمان ھالقىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، 212 مىڭ 300 مو ئوتلاقنى تاپىنىپ «تەبىئەت، چارۋا، ئادەم» دىن ئىبارەت تۇرمۇش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ دەريا بويى بويىسىغا قاراشلىق ھەر بىر توقاي، يايلاق مەركەزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بولۇپ، «كۆك جىگدە»، «قۇمبىراۋات»، «قىغلاق دۆڭ»، «قوچقار ئېغىل»، «مىرسالى»، «جەز قويغان»، «يانتاغ سۇلاغ»، «توڭگۇز باستى»، «تولدىما»، «شالدىراڭ»، «تاللىق»، «يۇلغۇن ساتما» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ ناملارنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمكى ساك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىللىرىدىن قېپقالغان سۆزلەر بولۇپ، «مىرسالى»، «شالدىراڭ» دېگەن سۆزلەر قەدىمكى ساك تىلىدا قوللىنىلغان، «يانتاغ سۇلاغ»، «يۇلغۇن ساتما» دېگەن سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلغان. «يانتاغ سۇلاغ» دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ياندىكى سۇلاق دېگەن مەنىدە بولۇپ، يانتاغ بولسا «ياندىكى» دېگەن مەنىدە، «سۇلاغ» بولسا «سۇلاق» (مال سۇلايدىغان يەر) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يەرلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا «ئەزەلدىن تارتىپ بۇ جايدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ياشىغان. ھازىرقى ئادەملەر شۇلارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن قاراش بار. بۇ يەردىكى ھازىرقى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ ئاساسەن قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەت

تۇرمۇش شەكىللىرىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن: ئۇلاردا ئادەم ئۆلگەندە جەسەتنى چوڭ توغراق ياكى ئوتتۇرىسى كاۋاك ياغاچلارنىڭ ئىچىگە سېلىپ قۇم دۆۋىلىرىگە دەپنە قىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئۇلارنىڭ دەرەخنى ئۇلۇغ بىلىش ۋە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ بۇ جايدا 2 ئۇرۇق كىشىلىرى ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بىرى «باراق ئۇرۇقى» يەنە بىرى «تەكە» ئۇرۇقىدۇر. يەرلىك كىشىلەر بۇنى «باراق تام»، «تەكەتام» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

تەكەلەر ئەزەلدىن مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنى كۆرسەتسە، باراقلار بۇندىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى باشقا جايلاردىن بىر - بىرلەپ كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەرنى، يەنى ھازىرقى كېرىيە، نىيە، خوتەن ۋە باشقا رايونلاردىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى بۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن بۇ ئاھالىلەر «تەكەلەر» دەپ ئاتالغان. ئۇنداقتا بۇ «تەكە» دېگەن نام قانداق كېلىپ چىققان؟

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا ئاساسلانغاندا بۇ جايدا بۇرۇن شاپتۇل ۋە ئۇنىڭ بىر تۈرى بولغان تەكە ئۆسكەن تەكەزارلىقلار بولۇشى، كېيىنچە دەريا سۈيىنىڭ تارتىلىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەدرىجىي يوقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. «تەكە» بولسا شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ئۆسۈملۈك غولى، يوپۇرماق ۋە باشقا بېرى شاپتۇلغا ئوخشاش، لېكىن ئۇتوق قىزىل رەڭدە بولىدۇ. بۇ قومساقغۇ، قۇياش نۇرى تولۇق چۈشىدىغان جايلاردا ياخشى ئۆسىدۇ. يەنى «تەكە» دېگەن بۇ نام ھازىر پەقەت تەكلىماكان ئەتراپىدىكى خوتەن رايونى ۋە قەشقەر رايونىنىڭ يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق جايلىرىدىلا ساقلىنىپ قالغان. «تەكە» دېگەن نام ھازىر خوتەندە يەنىلا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ئويتوغراق يېزىسىنىڭ «شاپتۇل ماكانى» دېگەن نامى بار بولۇپ، بۇ يەردە تەكەزارلىقلار ئىنتايىن كۆپ. بۇ يەرنىڭ 4 ئەتراپى قۇملۇق، تۇپراق قاتلىمى قۇم ئارىلاش، سۇ كەمچىل. لېكىن تەكە ۋە شاپتۇل بەك ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ يەردىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ بۇ نامى «تەكەزارلىق»، «تەكەلەر ماكانى» دېگەن سۆز ئاستىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

ھازىرقى «تەكلىماكان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ بىلەن «تەكەلەر ماكانى» دېگەن سۆزنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارايدىغان بولساق، «تەكلىماكان» دېگەن سۆز «تەكەلىك ماكان» دېگەن سۆز ئاستىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. «تەكەلەر ماكانى» دېگەن بۇ سۆز جانلىق تىلدا «تەكىلىنىڭ ماكانى» دەپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: «باللارنىڭ» دېگەن سۆز جانلىق تىلدا «باللىنىڭ» دەپ، «سىنىپلارنىڭ» دېگەن سۆز بولسا «سىنىپلىنىڭ» دېگەنگە ئوخشاش. بۇنىڭدىكى «تەكىلىنىڭ» دىكى «نىڭ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن «تەكلىماكان» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن «تەكەلەر ماكانى» دېگەن سۆز «تەكە» دىكى «ئە» تاۋۇشىنىڭ «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى»، «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى سەۋەبىدىن «تەكەلەر ماكانى» دېگەن سۆز «تەكلىماكان» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم سۆزگە كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا بوغۇم ئاخىرىدىكى «ئا»، «ئە» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن.



تەھرىرى: 08
(ئۆركەش ئىبراھىم)

دېمەك، يۇقىرىقى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «تەكلىماكان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «تەكەلەر ماكانى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. (08)

(ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى)

## كۈندۈزى جۈرئەت قىلالماسلىق

ئايالى: سىز تۈنۈگۈن كېچە چۈشۈڭىزدە نېمە دېگەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز؟
ئېرى: بىلمەيمەن. نېمە دېدىم؟
ئايالى: سىز مېنى تىللىغاندەك قىلدىڭىز.
ئېرى: بۇ خىل ئېھتىماللىقمۇ بار. چۈنكى مەن سىزنى كۈندۈزى تىللاشقا جۈرئەت قىلالمايمەن!

## چاۋاك ئاۋازى

دوستى لاۋجاۋدىن سوراپتۇ:
ـ سەن نېمە ئۈچۈن تېخىچە توي قىلمايسەن؟
لاۋجاۋ كۈلۈپ تۇرۇپ دەپتۇ:
ـ بىر قولدا چاۋاك چالغىلى بولامدۇ. مەن بىر ئادەم ئالدىرىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ كېيىن

**كۈلكە دۇنياسى**

لاۋجاۋ توي قىپتۇ، دوستى ئۇنىڭدىن قانداقراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىغانىكەن، قوشنىسى ئاۋۋال جاۋاب بېرىپ:
ـ ھەر كۈنى چاۋاك ئاۋازىنى ئاڭلايمىز، ـ دەپتۇ.

## سىز ئوينىسىڭىز بولغۇدەك

دادىسى بازاردىن سېتىۋالغان بىر ئويۇنچۇقنى ئۆيىگە ئەكىلىپتۇ ـ دە، 5 بالىسىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:
ـ كىم ئانىسىنىڭ گېپىنى ئەڭ بەك ئاڭلايدۇ، ئانىسى بىلەن تاكاللاشمايدۇ، ھەتتا ئانىسى تاپشۇرغان ھەر بىر ئىشنى ياخشى ئورۇندايدۇ؟ شۇ بالا بۇ ئويۇنچۇقنى ئوينايدۇ. 5 بالا بىردەم جىمجىتلىقتا چۆككەندىن كېيىن تەڭلا بىر ئېغىزدىن:
ـ دادا بۇ ئويۇنچۇقنى سىز ئوينىسىڭىز بولغۇدەك، ـ دەپتۇ.

## ئويۇن قويۇش

رېژىسسور: بىزنىڭ 2 باش رولچىمىزغا نېمە بولدى، مۇھەببەت روللىرىنى بارغانچە ياخشى ئورۇندىيالمايۋاتىدىغۇ؟ ياردەمچى رېژىسسور:
ـ ئۇلار توي قىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن!

## سەمرىشنى كۈتۈش

ھايۋاناتلار باغچىسىدا بىر ئايال پاكار، ئورۇق بىر شىر كۆندۈرگۈچىگە دەپتۇ:
ـ سىز ھەم پاكار ھەم ئورۇق ئىكەنسىز، شىرمۇ سىزگە خەتەر يەتكۈزمەيدىكەن. شىر كۆندۈرگۈچى ئەدەبلىك بىلەن دەپتۇ:

**كۈلكە دۇنياسى**

ـ شىر مېنىڭ سەمرىشىمنى كۈتۈۋاتسا كېرەك.

## پىيانىنو ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى

ئايال ئا: ئويلىماپتىكەنمەن، قىزىم پىئانىنو ئۆگىنىپ ماڭا بايلىق يارىتىپ بەردى.
ئايال ب: نېمە ـ بايلىق؟
ئايال ئا: كۈن بويى قىزىم پىئانىنو ئۆگىنىمەن دەپ پىئانىنو چالدى. پىئانىنو ئاۋازىدىن قوشنام بىزار بولۇپ ئۆيىنى ماڭا يېرىم باھادا سېتىپ كۆچۈپ كەتتى!

## ئەسەر

ئايالى: توي قىلغىلى بىر نەچچە ئاي بولدى. مەن سىزنىڭ بىرەر پارچە ئەدەبىي ئەسىرىڭىزنىڭ

ئېلان قىلىنغىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

ئېرى: مېنىڭ نەدىمۇ ئۇنداق قابىلىيىتىم بولسۇن؟

ئايالى: سىزنىڭ جورا ئىزدەش ئېلانىڭىزدا ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىتتە ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىنغان دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟

ئېرى: ھە، جورا ئىزدەش ئېلانى شۇ ئىدى.

### جاھانكەزدىلەرنىڭ سۆزى

2 كەسپىي ئوغرى مەرۋايىت كۆرگەزمىخانىسىغا كىرگەن ئىكەن، پوكەي ئىچىدىكى بىر چوڭ ئالماس ئۇلارنى جەلپ قىلىۋاپتۇ. ئۇلاردىن بىرى پەس ئاۋازدا يەنە بىرىدىن سوراپتۇ:

## كۆلكە دۇنياسى

— كۆردۈڭمۇ، بۇ ئالماس نەچچە پۇلغا يارار؟

يەنە بىرى:

— بۇنىڭدا سوتچىنىڭ پىكرىگە قاراش كېرەك، مېنىڭچە 7 ـ 8 يىل كېسىلىشكە يارىغۇدەك، ـ دەپتۇ.

### ھەقسىز مەسلىھەت سورىماق

بىر پىخسىق ئانچە تونۇش بولمىغان بىر دوختۇر بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەقسىز كېسەل كۆرسىتىشنى ئويلاپ دوختۇرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— دوختۇر، سىز زۇكام بولۇپ قالسىڭىز قانداق قىلىسىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ. دوختۇر كەسكىنلىك بىلەن ئاددىيلا قىلىپ:

— چۈشكۈرىمەن، ـ دەپتۇ.

(ئەنۋەر مەمتىمىن، ياسىن توختى . ت)

### ئايال ھەمراھ

— قارا سېنى، ئاۋۇ دىۋانىغا قانچە پۇل بېرىۋەتتىڭ؟ ئۇ يالغاندىن قارىغۇ بولۇۋاپتۇ!

— بىراق سەن كۆرمىدىڭمۇ، ئۇ ماڭا: «بەك چىرايلىقكەنسىز، كۆڭلىڭىز بەك ياخشىكەن» دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ قارىغاندا ئۇ راستىنلا قارىغۇ ئىكەن- دە!

### سەرگۈزلۈك

ئەر: سەن بۇ تايىنى يوق كىتابنى كۆتۈرۈپلا يۈرسەنغۇ؟

ئايال: دىققەت قىلماپسەندە، بۇ كىتابنىڭ

## كۆلكە دۇنياسى

مۇقاۋىسىنىڭ رەڭگى بىلەن بۈگۈن كىيگەن كىيىمىمنىڭ رەڭگى تازا ماس كېلىدىكەن.

### تېز خاتىرىلەش ماھارىتى

دىرېكتور جاۋاب خەت يېزىش ۋاقتىنى تېجەش ئۈچۈن ئايال كاتىپنى تېز خاتىرىلەشكە چاقىردى. ئۇ دېمەكچى بولغانلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سورىدى:

— جاۋاب خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېنىق بىلىۋالدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ھەممىسىنى بىلىۋالدىم. بىراق سىز «ياخشىمۇسىز» بىلەن «خەير خوش» نىڭ ئارىلىقىدىكى مەزمۇنلارنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز. (08)

(قادىر ئارسلان . ت)

## سۆيگۈنىڭ تەمى

سىزنى سۆيىدىغاننى سۆيسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىسىز. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سىزدىن يۈز ئۆرۈپ، بىكىدىن بىرسىنى تېپىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىسىز.

سىزنى سۆيمەيدىغاننى سۆيسىڭىز، ناھايىتى بىئارامىلىق ھېس قىلىسىز، چۈنكى سىز قۇلاققا ياقمايدىغان شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى ئاڭلايسىز.

ئاتا - ئانىڭىز ياقتۇرمايدىغاننى سۆيسىڭىز، ناھايىتى تەڭلىكتە قالىسىز. تۇغقانچىلىق بىلەن مۇھەببەت ئوتتۇرىسىدا ئەڭ ياخشى بولغان بىر باغلىنىش نۇقتىسىنى تېپىشىڭىز تەسكە توختايدۇ.

دوستلىرىڭىز ياقتۇرمايدىغاننى سۆيسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ناھايىتى بىئەپ ھېس قىلىسىز. بەختىنىڭ پارڭىنى قىلسىڭىزسىز ئۇچۇن ئالقىش ياڭرىتىدىغانلار چىقمايدۇ.

ئۆزىڭىزدىن چىرايلىقنى سۆيۈپ، ناھايىتى پەخىرلەنگەن چېغىڭىزدا، ئەتراپىڭىزدىكى سوغۇق كۆزلەردىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇشىڭىز كېرەك.

ئۆزىڭىزدىن ئەقىللىقنى سۆيسىڭىز، تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ. لېكىن بەزىدە ئۆزىڭىزنى كەمسىتىش ئېڭى غۇۋا پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاننى سۆيسىڭىز، ئىنتايىن رازىمەنلىك ھېس قىلىسىز. لېكىن باشقىلاردا ناھايىتى ئاسانلا مەنپەئەتپەرەس دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىپ قويىسىز.

ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيىدىغاننى سۆيسىڭىز، ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكنى بايقايسىز. لېكىن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ مەلۇم ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە سىزنى تاشلاپ يىراقلارغا كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

رومانتىكنى سۆيسىڭىز، ئۆزىڭىزدە ئىللىقلىق ھېس قىلىسىز. باشقىلارغا باھا بېرىشكە ئامراقنى سۆيسىڭىز، سىزگە تولىمۇ ئاۋارىچىلىق بولىدۇ. سەللا دىققەتسىزلىك قىلسىڭىز، ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ خام ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ قالىسىز.

مەردانە كىشىلەرنى سۆيسىڭىز، تولىمۇ قورقۇنۇش



ھېس قىلىسىز. ئەگەر كۆتۈلمىگەن بويسۇنمىغۇچى بولۇپ قالسىڭىز، ھەمىشە جەڭگە - جېدەلدىن خالى بولالمايسىز.

گەپ - سۆزدە چولتىنى سۆيسىڭىز، سىزگە ناھايىتى بىئەپ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ تەلپىڭىز يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىرەر ئېغىز گەپنى قامالاشتۇرۇپ قىلالمايدۇ.

قوپاللارنى سۆيسىڭىز، كۆڭلىرىڭىز جىددىيچىلىكتە ئۆتىدۇ. كىم بىلىدۇ؟ سۆيگۈنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرى سىزنى مېھىر - شەپقەتكە ئېرىشتۈرەلەمدۇ - يوق؟

خىيالپەرەسنى سۆيسىڭىز، بەكمۇ ئەركىن بولىسىز. لېكىن سىزدە بارا - بارا بىر كىچىك بالىنى سۆيىدۇممۇ قانداق دېگەن گۇمان پەيدا بولىدۇ.

سۆيگۈنىڭ تەمى كۆپ خىل بولىدۇ. بەزىلىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولسا، بەزىلىرى ناھايىتى يۈزەكى بولىدۇ. (05)

(تۇرسۇنجان ھەمت . ت)



بۇرۇتىغا، كۆزەينىكىگە، بېشىغا قونۇۋالغان قارنى زەردە بىلەن سىلكىپ، قېقىپ چۈشۈرۈپ ئاللىقانداق زۆرۈرىيەتلەر ئۈچۈن ئالدىراش ماڭماقتا. ھەق راست، ئۇلار قارنىڭ پاكلىقىنى، قارنىڭ خاسىيىتىنى، قارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ. ئۈستىبېشىغا قونۇۋالغان قارنى، ياق، توغرىسى ئۈستىبېشىغا قونۇۋالغان سانسىز سوئاللارنى، تەبىئەتنىڭ ئەلتەك، ئاق كۆگۈل ئۇششاق باللىرىنى، كۆك ئاسماننىڭ ئۇتلۇق تىلەكلىرىنى، ئىلاھىي كۈچ بەخش ئەتكەن تەپەككۇر ئۇنچىلىرىنى بىپەرۋالارچە سىلكىپ چۈشۈرۈپ، دەسسەپ، يەنچىپ يېتىغداپ مېڭىۋېرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار تەبىئەتكە، تەبىئىي نەرسىلەرگە ۋە تەبىئىيلىككە بەكمۇ يىراق.

نېمىشقىدۇر ئەشۇ ئۇزاق ئۆتمۈش ھاۋزىسىدا ئاتا - بوۋىلىرىمىز ھەمىشە يۇلتۇزلار بىلەن پىچىرلىشاتتى. كۆك بىلەن سىردىشاتتى. يەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولاتتى. ھەتتا سىرغىپ چۈشكەن بىر تال ياپراقتىن ھاياتنىڭ قىسقىلىقىنى، شۇنداقلا ئالەمنىڭ چەكسىز، بىپايانلىقىنى، مەۋجۇتلۇقنىڭ تەڭداشسىز قەدىر- قىممىتىنى، شۇنداقلا مەغلۇپلۇقنىڭ قەدىر- قىممەتسىز، نەپرەتلىكىنى ئەسلىۋالاتتى. بۈركۈتنىڭكىدەك ئېگىز قاڭشارلىرىغا، چاڭگا ساقال- بۇرۇتلىرىغا ۋە سۇرلۇك دۇبۇلغا، ساۋۇتلىرىغا لەيلەپ

## «ھېلىقى ئادەم»

★ ئەسقەر داۋۇت ★

قار ياغماقتا. ئۇرۇمچىدىكى «ئالدىراش» ئادەملەر توپى پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ئالللىقانداق زۆرۈرىيەت ئۈچۈن ئاللىنەلەرگە ماڭغان «ھېلىقى ئادەم» مىسالى يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي، ئىككى يېنىغىمۇ قارىماي، ئالدىراپ ماڭماقتا...

قار ياغماقتا. ھېلىقى «ئالدىراش» ئادەملەر مۇرىسىگە، شلەپىسىگە، خۇرۇم شەپكىسىگە،

چۈشكەن قاردىن ئۆلۈم ئىچىدىكى ھاياتنى، شۇنداقلا ھايات ئىچىدىكى ماماتنى بايقىۋالاتتى.

شۇنداق، ئۇرخۇن، ئانساي (يېنسەي) ۋادىلىرىدىكى يۇلتۇزلۇق كېچىلەردە، نىران، كىرورەن قەلئەلىرى ئەتراپىدىكى باراقسان قومۇشلۇقلاردا، ھۇنگان، تەڭرىتاغ ئورمانلىقلىرىدىكى خىلۋەت جايلاردا بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىز بىر يالقۇنلۇق گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تەڭرى بىلەن سۆھبەتلەشەتتى. تومۇرىنىڭ ھەر قېتىملىق دۈپۈلدىشىنى بىر بۈيۈك سائادەت، غالىبىيەتكە قىلىنغان چاقىرىق، بۇيرۇق دەپ بىلەتتى. ئەپسۇس، ھازىرقى ئادەملىرىمىز – «ھېلىقى ئادەم» چۇ؟ ئۇ ھەمىشە تەل، يۈرۈشلەشكەن، قەۋەت-قەۋەت ياسىداق ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئاي، يىللاپ بىر سورۇندا قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ، قەسەم ئىچىشىدىغان قەدىناسى بىلەن، ھەر ئاخشىمى بىر تەكىيگە باش قويۇپ ياتىدىغان ئۆمۈرلۈك ئامراق خوتۇنى بىلەنمۇ سىرداشالمايدۇ. دەرۋەقە ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ئاۋازنى، كۆكرەك قەپىزى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىر غايىپ كۈچنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى پات-پات زەردىلىك سىلكىپ قويۇشىنى ئەسلا چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. ھەتتا، قايسىدۇر بىر قاباھەتلىك كېچىدە، قايسىدۇر بىر كۆلكە- چاقچاق، ئەيش - ئىشرەتلىك سورۇندا بىر يوغان، سۇرلۇك كۈل رەڭ مەخلۇقنىڭ كىچىككىنە كۆكرەك قەپەزلىرى ئىچىدىن سەكرەپ چىقىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، دەھشەتلىك ھۇۋلىغان ھالدا يىراق ئورمانلارغا كېتىپ بارغىنىنى كۆزى ئوچۇق تۇرۇپمۇ كۆرمەيدۇ، قۇلىقى بېجىرىم تۇرۇپمۇ ئاڭلىمايدۇ، شۇڭلاشقىمۇ ھازىرقى ئايرىم ئادەملەر كۆپىنچە باشقىلار، تاشقى نەرسىلەر تۇرماق ئۆزىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. كۈندىلىك سەي- كۆكتاتنىڭ باھاسى، ئۇۋپا - ئەڭلىكنىڭ راست - ساختىلىقى، بىراۋنىڭ ئىشتىنىنىڭ سىېرتمىسىنىڭ ئېچىلىپ قالغان - قالمىغانلىقى، كىملەرنىڭدۇر ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىنغان كاللەك بەسەينىڭ پۇلى ئۈچۈن خوجىلىق بۆلۈمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىۋاتقانلىقى... مانا بۇلار كەڭ دائىرىلىك ئىجتىمائىيلىشىش، تووۋارلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان بۈيۈك ئېتىقادتىن مۇستەسنا ھازىرقى ئادەم – «ھېلىقى ئادەم» لەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى رام قىلىۋالغان قىزىق نۇقتا.

قار ياغماقتا. سېھىرلىك قار تۇغقان تەگسىز پىكىر، چەكسىز ئوي- خىياللار ئۆزۈمدىكى، شۇنداقلا ئۆز ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى، ساناقسىز ئىشلارنى ۋە تۈگۈن، مۇئەمما بولۇپ قېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى قايتىدىن ئەسلەشكە، ئويلاشقا ۋە ئۇنىڭ چىقىش يولى ھەققىدە ئۆزگىچە يول، ئۇسۇل بىلەن ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلماقتا.

× × ×

مەن ئۆمۈربويى بالا- چاقا، ئائىلە، شۇنداقلا خۇسۇسىي تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ھاياتىنى خورىتىپ، بەجايىكى قۇرت- قوڭغۇزدەك، چۈمۈلىدەك ئۆمىلەپ، ئۈن - تىنسىز ياشاپ، ھېچقانداق نام - نىشان، شان- شەرەپتىن خالى ھالدا ئۇ دۇنياغا بىھۇدە كېتىپ قېلىۋاتقان سانسىزلىغان قېرىنداشلىرىمنى ئەسلىدىم. ئىككى توك- توك ماشىنا، ئىش ھەققى ئۈچۈن «جوزا- بەندىڭنىڭ قۇلى» بولۇپ، ئىسمى- جىسمىغا لايىق «يوقلىما ئاكتىپلىرى» غا ئايلىنىپ، ھېچقانداق ئەھمىيەتسىز، ئۈنۈمسىز خىزمەت بىلەن ئۆزىنى قىيناپ، چاچلىرى ۋاقىتسىز ئاقىرىپ، يۈزلىرىنى قورۇق، يېرىق بېسىپ كەتكەن

سانسىزلىغان ئاكا-ھەدىلەرنى، دەۋرداشلىرىمنى، شۇنداقلا قۇرداش دوستلىرىمنى ئەسلىدىم ھەم يەنە ھەقىقىي نەرسىنى دورالىغان، ئادەتلەنگەن ۋە مەجبۇرلانغان قىلىقلاردىن ئۆگىنىۋاتقان، ئۆرنەك ئېلىۋاتقان مەھكۇم مىجەز، مەزلۇم تەبىئەتلىك ئادەملىرىمىزنىڭ ئەكسىچە، جاننى ئالقانغا ئېلىپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئىجاد قىلىپ، كەشىپ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ ئالمىدەك يۈرىكىدىن قوياشتەك سۆيگۈ، ھارارەت بالقىتىپ، خەلقىمىزنىڭ ماددىي، مەنىۋى چۆللۈكىنى بۈك-باراقسان بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا بەجانىدىللىق بىلەن ئىزدەنگەن ۋە بۇ يولدا ئاشىقلارچە ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان ئوت يۈرەك ياشلىرىمىزنى ئەسلىدىم. قەدەمدە بىر پۈتلىشىپ تۇرۇۋاتقان ياخشىلىق-ساۋابلارنى كۆرمەي، جەننەتنىڭ پاسپورتىنى سېتىۋېلىش تەمەسىدە «ئارقا ئىشىك ئۈچۈن» ھەجگە ماڭغان ئايرىم ئادەملەرنى ئەسلىدىم.

شۇنداق، ئەركەكلىك بىلەن لاتىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تازا يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، كۈچ سىنىشىپ، نەتىجە كۈنسايىن بىر قۇتۇپقا ئېغىپ كېتىۋاتقان پەيتتە «ھېلىقى ئادەم»دەك توخۇ يۈرەك، تەمەخور، ھاڭۋاقتى، ھورۇنلار بىلەن ئەل-ۋەتەننىڭ غېمىدە پىداكارلىق بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئۆزىنى ئۇلۇغ، بۈيۈك ئىشلارغا بېغىشلىغان، ھالال نىيەت، پاكىز ۋىجدانلىق مەرد، مەردانە ئوغلانلارنى نېمىشقا سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىكەن؟ ئۆزلىرىنى مەركىزىي شەھەرنىڭ ئالىي گىراجدانى، ئەل جامائەتنىڭ بېشى، خانتاجى ھېسابلاپ، قانداقتۇر تەتقىقاتچى، پروفېسسور، يەنە ئاللىقانداق كاندىدات «پالانى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ شۇنچىلىك ئەۋزەل شارائىت، قولايلىق مۇھىتتا، چەكسىز كىتاب-ماتېرىيال، بىلىم خەزىنىلىرى دۆۋىسىدە تۇرۇپمۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ھېچنېمە قىلالمىغان بەزى «ئۇنۇۋان، قالپاق قۇربانلىرى» بىلەن ئاشۇ يىراق، قالاق، نامرات يېزا- قىشلاقلاردا، سەھرايى باياۋانلاردىكى كونا ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ ئەل - ۋەتەننىڭ ئىشقىدا ئۆزى چۆپ يەپ خەلققە ئابىھايات سۈت بېرىۋاتقان ئاددىي خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى، كەشپىياتچىلارنى نېمىشقا سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىكەن؟ مۇقەددەس خان ئانا تۇمارىستەك، مەلىكە ئامانىسا خېنىمدەك، مەردانە نۇزۇگۇمدەك بىر بۈيۈك ئېتىقادنىڭ ھارارىتىدە يۈرىكى ھەمىشە يالقۇنلۇق گۈلخاندەك كۆيۈپ تۇرىدىغان ئوت يۈرەك، مەردانە، پاك-پەزىلەتلىك خوتۇن-قىزلىرىمىز بىلەن پۇل تېپىش، مەئىشەتلىك تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈش تەمەسىدە كەچلىك بەزمىخانىلاردا داڭق چىقىرىۋاتقان سېرىق چاچلىق ئالۋاستىلارنى نېمىشقا سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىكەن؟

شۇنداق، ئادەملەر كۈنسايىن ئاۋۇماقتا، ئېھتىياج ئۈزلۈكسىز زورايماقتا، بوشلۇق تارايماقتا، تۇرمۇش رېتىمى كۈندىن-كۈنگە تېزلىشىپ، ياشاش ۋە قوغدىنىش بىر جىددىي مەسىلىگە ئايلانماقتا. شۇڭلاشقىمۇ ئاۋات، ھەشەمەتلىك شەھەر بازارلىرىمىزدىن يىراق يېزا - قىشلاقلىرىمىزغىچە بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە قىممەت قارىشىدا قويۇق ماددىي مەنپەئەتدارلىق ۋە «بىرگە بىر» دەيدىغان كەسكىن تاۋارلىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدىيىۋى ئېقىم ئەدەب بارماقتا. ۋەھالەنكى، سىرتتىن، تاشقىرىدىن ئېقىپ كىرىۋاتقان ماددىي، مىخانىك، قاتتىق دېتالسىمان مەھسۇلاتلار كەلكۈندە، تار،

يالىڭاچ، قىل ئۇستىدە تىك تۇرىدىغان كەسكىن رىقابەت قاينىمىدا مەيلى شەھەر، مەيلى يېزا - قىشلاق بولمىسۇن «ھىلىقى ئادەم» لەر ئۆزىنىڭ تەبىئىي، ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى، مۇھىمى، ئىنسانىي سۈپەتىنىڭ ئەڭ يېرىك ئالامىتى بولمىش ئىجادچانلىقىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ تەقلىدىي ۋارىسچانلىق ھۈنىرىنى، ئىجتىمائىي ئىقتىدارىنى، ماددىي مەنپەئەتدارلىق نەيرىڭىنى نامايىش قىلماقتا. شۈبھىسىزكى، ئادەملىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى، مەنپەئەتدارلىق كۈرىشىش ھۈنىرىنىڭ تاۋلىنىشىغا ئەگىشىپ بەزى ئادەملىرىمىز بارغانچە بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، «ئەتىكى قويرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» ئەقىدىسىگە تاۋاپ قىلىدىغان، يىراقنى، كېلەچەكنى تەرك ئېتىدىغان، ماھىيەتلىك جاۋاھىراتلار بىلەن ئەمەس، ئۇششاق-چۈششەك، ئۆتكۈنچى، ھادىسىۋى نەرسىلەردە جاننى قىيناپ يۈرىدىغان، ساددا ئۆزلۈكنى تەرغىب قىلىپ ھەممىدە ئۆزىنىڭ تۇپ ماددىي مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىدىغان، پۇل ئۈچۈن پاك ئېتىقادىدىن، ئىنسانلىقىدىن ۋاز كېچىدىغان، «خىزمەت، ئائىلە ۋە تار مەنىدىكى ‹ئاغىنىدارچىلىق›» نىڭ ئاسارىتىدە گوياكى ئەۋرەز پاقىسىدەك ئۆمىلىشىپ، كۈشۈلدىشىپ يۈرىدىغان، قولايلىق خىزمەت ئورنىنىڭ، مەئىشەتلىك تۇرمۇشنىڭ پەيزىدە كۈنۈ-تۈن مەيدىسىگە ئۇرۇپ ياشىسىمۇ ئەل، ۋەتەن ئۈچۈن زاغرا يەپ، لاي سۇ ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر دېھقانچىلىك نەپ بېرەلمەيدىغان... مۇھىمى، «ھىلىقىدەك ئادەم» لىرىمىزنىڭ ئىجادچانلىقى، تەبىئىيلىكى، ئۆزلۈك روھى، ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە ئېتىقادى گويا قويۇق، قارا تۇمانلار ئارىسىغا قاپسىلىپ قالغان مۇقەددەس قۇياشتەك خۇنۈك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇڭلاشقىمۇ، قايسىدۇر بىر يازغۇچىنىڭ «قەغەزدە بەرىكەت قالمىدى، ئەمدى سودا قىلماي بولمىدى» دېگىنىدەك، قايسىدۇر بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «تۇمۇچۇقتەك خوتۇنۇم تۇرسا، پاقلاندەك بالام تۇرسا، باقاي دېسەم پادام تۇرسا، ساغاي دېسەم كالام تۇرسا سۈپەتلىك ئەۋلاد تەربىيىلەيمەن دەپ جاپا تارتىپ، كۆچىنىپ دەرس ئۆتۈشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى» دېگىنىدەك تولىمۇ چاكىنا، ئىدىيە ۋە ۋۇجۇدلار باش كۆتۈردى.

ئەپسۇس، بەكمۇ ئەپسۇس، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ، تارىخ بەتلىرىدە شانلىق ئىزلارنى قالدۇرۇپ، ۋۇجۇدىنى ئىلاھىي سۈپەت ۋە ئىنسانىي پۈتۈنلۈك بىلەن تولدۇرۇپ كەلگەن بۇ خەلق بازارنىڭ، تاۋارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدە ئۆزىنىڭ تەبىئىي، جەزبىدار ۋۇجۇد گۈزەللىكىنى يوقىتىپ، ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق تايىنسىز پوچە كىلەرگە ئايلىنىپ قالارمۇ؟ تىرەن ماھىيەتلەرنىڭ ئەۋجىدە گويا مەڭگۈ تاشلارنىڭ قۇدرىتىدەك تالاي زامانلارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا چىدىغان، سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت ئىختىرالىرىغا ئانا بولغان بۇ خەلق ئىشىنىمەنكى، ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە، قۇتلۇق تەرىزدە ئۆزىنى بايقىغان، ئۆزىنى تېپىۋالغان نۇر سۈپەت باللارغا، ئەسىرلەر بويى ۋۇجۇد پىنھانلىرىدا ئۇيقۇلۇق ياتقان مەدەنىيەت تۆرەلمىلىرىگە قايتىدىن ھامىلدار بولىدۇ!...

× × ×

قار ياغماقتا. تومۇرۇمدا قۇترىغان بوران تېخى تىنجىغىنى يوق. ھىلىقى ئادەم، بەجايىكى «ھىلىقى ئادەم» ئاللىقانداق زۆرۈرىيەتلەر ئۈچۈن ئاللىنەلەرگە ئالدىراپ-ئالدىراپ ماڭماقتا...(08)



# «رورەننىڭ بايقىلىشى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارغا ئىزاھ»قا ئىككى كەلىمە سۆز

★ مۇھەممەت توختى ★

لوپنۇردىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىن ئۇزۇندىن بۇيان تەتقىقات ئېمىسىنىڭ كۆپلۈكى، تۈرىنىڭ خىلمۇ- خىللىقى. ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن تارىخشۇناس، تىلشۇناس، ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىدىكى بىر قىزىق نۇقتا بولۇپ كەلمەكتە.

مەتبۇئاتلاردا كىرورەن قەدىمىي شەھىرىنىڭ بايقىلىشى توغرىسىدا ئۇرغۇنلىغان تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ، ھەر خىل تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

كىرورەن قەدىمىي شەھىرىنى تۇنجى قېتىم بايقىغان كىشى تەتقىقات ماقالىلىرىدە ئېيتىلغاندەك لوپنۇر ئاقسۇپىدىكى «ئۆردەك» دېگەن كىشى. بۇ ھەقتە لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا ھازىرغىچە بەزى ھېكايىلەر تارقىلىپ كەلمەكتە.

مەن ماتېرىيال كۆرۈۋېتىپ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1994- يىلى 7- سانىدىكى يولداش قۇربانجان ئابلىمىتنىڭ «رورەننىڭ بايقىلىشى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارغا ئىزاھ» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ماقالىدىكى بېرىلگەن دەلىل- ئىسپاتلار (سۋېن ھېدىنىنىڭ بايانى، مەخسۇت ھېيتىنىڭ ماقالىسى)دىن قۇربانجان ئابلىمىتنىڭ بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھەقىقەتەن بىز لوپنۇرلۇقلار (ياشانغان كىشىلەر) ئارىسىدا «ئۆردەك دېگەن كىشى بىر چەت ئەللىكنى كىرورەن قەدىمىي شەھىرىگە باشلاپ بارغان ...» دېگەن سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بىراق، قۇربانجان ئابلىمىت يازغان ئىزاھاتنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى «ئۆردەك» ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، نوقۇل ھالدا ئۇيغۇر كىشى ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر خىل لەقەم بولۇشى مۇمكىن ... شۇڭا تۇنجى قېتىم رورەن (كىرورەن) قەدىمىي شەھىرىنى تاپقان لوپنۇرلۇق ئۇيغۇر كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ لەقەم ئاساسىدىكى ئۆردەك بولۇشى ئەمەلىيەتكە يېقىن تۇرىدۇ» دەپ ئاخىرلاشتۇرغان. ئالدىنقى دەلىللەر كىشىنى قايىل قىلسا، ماقالىنىڭ ئاخىرقى قىسمى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

قۇربانجان ئابلىمىتنىڭ ئىزاھاتى مېنىڭچە يۈزەكى ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەزدۇر خالاس. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىنى توغرا تەھلىل قىلمىغانلىق ۋە پىششىق بىلمىگەنلىك. شۇڭا مەن لوپنۇر كىشى ئىسىملىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق تارىخشۇناس، ئارخېئولوگ، تىلشۇناسلار

بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە ئۆزۈمنىڭ بىرى يىغقان ماتېرىياللىرىمنى رەتلەپ چىقتىم، يەنى قۇربانجاننىڭ پەرىزىگە قارىتا ئىككى ئېغىز تولۇقلىما بەردىم. بۇ بەلكىم بۇ ساھەدە ئىزدەنگۈچىلەرگە ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتىمەن.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان لوپنۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىكى، تۈرى جەھەتلەردىن مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ كەلمەكتە. مەن بۇ يەردە پەقەت لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىنىڭ بىر قانچە تۈرىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

(1) تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئاساسەن قويۇلغان لوپنۇر كىشى ئىسىملىرى: ئاگاز (ئەگىز)، ئايغان ...

(2) ھەر خىل نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىپ قويۇلغان لوپنۇر كىشى ئىسىملىرى: چارۇق (چورۇق)، كەمدەك، مامۇجان (مامۇخان) ...

(3) ھەر خىل ئۇچار قۇشلارغا تەقلىد قىلىپ قويۇلغان لوپنۇر كىشى ئىسىملىرى: تۇناجان (تۇرنا)، ئۆردەك ...

(4) ھەر خىل ھەرىكەتلەرگە تەقلىد قىلىپ قويۇلغان لوپنۇر كىشى ئىسىملىرى: كەلدى، تۇگەن ...

(5) لەقەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان لوپنۇر كىشى ئىسىملىرى: ئارۇق (ئورۇق) ...

(6) ھەر خىل ئارزۇ - ئىستەكلەر ئاساسىدا قويۇلغان لوپنۇر كىشى ئىسىملىرى: تىلىۋالدى، سېتىۋالدى، تاپقان ...

(7) لەقىمىي ئىسىملار: قىلتاق (تۇزاق)، بېلى يوق ...

يۇقىرىقىلار باشقا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئۇچرىمايدىغان خاس لوپنۇر كىشى ئىسىملىرىدۇر.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىرورەن قەدىمىي شەھىرىنى تۇنجى قېتىم بايقىغان كىشى لوپنۇرلۇق «ئۆردەك» دېگەن كىشى بولۇپ، «ئۆردەك» دېگەن لەقەم ئاساسىدىكى «ئۆردەك» بولماستىن بەلكى، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى. بۇ ھەقتە تارىخشۇناس، تىلشۇناس ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى) (04)

## چۈمۈلە بىلەن قۇش

فرانسىيىلىك بىر يازغۇچى مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق ئادەم ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە باشقىلارغا ياردەم قىلىشى كېرەك. چۈنكى بىز دائىم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىمىز. باشقىلارغا بىر قېتىم ياردەم قىلسىڭىز، باشقىلار سىزگە ئون ھەسسىلەپ قايتۇرۇشى مۇمكىن.» مۇشۇ توغرىلىق، ئۇ مۇنداق بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگەن:

بىر چۈمۈلە دەريا بويىدا سۇ ئىچىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ قىرغاققا چىقالماپتۇ. بۇ چاغدا دەريا قىرغىقىدا يەم ئىزلەپ يۈرگەن بىر قۇش سۇدا جان تالىشىپ يۈرگەن چۈمۈلىنى بايقاپ قىلىپ، بىر تال ياغاچنى دەرياغا تاشلاپ بېرىپتۇ. چۈمۈلە ئۇنىڭ ياردىمىدە قىرغاققا چىقىۋاپتۇ.

چۈمۈلە ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىۋېتىپ، بىر ئادەمنىڭ مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. بۇ ئادەم قۇشنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئېتىۋېلىش ئۈچۈن مىلتىقىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپتۇ. بۇ ئادەم ئاياغ كىيمىگەن ئىكەن، چۈمۈلە جىددىي پەيتتە ئەقىل ئىشلىتىپ ئۇنىڭ پۇتىنى چىشلىۋاپتۇ. قۇش شۇ زامان ئوۋچىنى كۆرۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. چۈمۈلە قۇشقا قارىغاندا كۆپ ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قۇشنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرۇپ قاپتۇ.

شۇڭا بىز، پۇلى ۋە تەسىرى بار كىشىلەرلا باشقىلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك. ھەربىر ئادەم باشقىلارغا ياردەم بېرەلىگۈدەك بولسا، قانچىلىك جاپا تارتىشىدىن قەتئىينەزەر ياردەم قولىنى سۇنۇشى كېرەك. (04)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: گۈلنۇر)

# رومانتىكلىقنى ساقلاشنىڭ بەش ئامىلى

يېڭى مۇھەببەت باغلىغان ۋاقىتتىكى ئاشۇ ھېسسىياتلار كىشىنى ھەقىقەتەن مەپتۇن قىلىدۇ، سىز بۇ خىل ھېسسىياتنى مەڭگۈگە ساقلانسىكەن دەپ قارايسىز. لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار، بالا، خىزمەت ۋە باشقا مەسىلىلەر ۋاقتىڭىزنى ۋە قۇۋۋىتىڭىزنى ئىگىلەپ ئالىدۇ. مۇھەببەت باغلىغان ۋاقتىڭىزدىكى ھېسسىياتىڭىز يوقىلىدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ قارشى تەرەپنىڭ قەلبىدە مۇھىم تەرەپ بولماي قالىدۇ. تۇرمۇشىڭىز ئادەتتىكىدەك ئۆتۈپ، ئاستا - ئاستا ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ-دە، ھەممە نەرسە مەززىسىز بولۇپ قالىدۇ.

لېكىن بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئىككى كىشىنىڭ ھېسسىيات ئاساسى چىڭ بولسىلا، پەقەت ئىككىلا كىشى تىرىشسىلا، يەنە قايتىدىن رومانتىك ھېسسىياتنى تاپالايدۇ. بۇ يېڭى مۇھەببەت باغلىغان ۋاقىتدىكىدەك مەپتۇن بولۇش، قارشى تەرەپتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەش قاتارلىق كۈچلۈك ھېسسىياتلاردىن پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھاياتىڭىزدىكى ئىككىنچى قېتىملىق رومانتىكلىكىڭىز سىزنىڭ قارشى تەرەپنى ھۆرمەتلىشىڭىزدىن ۋە دوستانىلىقىڭىزدىن كېلىدۇ، ئىككىيلەن بەزى ئالاھىدە ئىشلارنى ئويلاپ تېپىپ ھەم ئۇنى بىللە قىلىشىڭىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، ئالدى بىلەن سىزنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتتىكى قارشى تەرەپ بىلەن مۇھەببەتلىشىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى تېپىشىڭىزغا ياردىمى بولىدۇ. تۆۋەندە مەن دوستلارغا رومانتىكلىقنى ساقلاشنىڭ بەش ئامىلىنى تونۇشتۇرىمەن:

**1. قوللاش.** ئەڭ بەختلىك ئەر - خوتۇنلار ئەڭ ياخشى دوستلاردىندۇر. ئۇلار ئۆزئارا يېقىن ئۆتۈشىدۇ، بىر - بىرىنى قوللىشىدۇ. بۇ، ئۇلار زادى دەتالاش قىلىشمايدۇ ياكى ئۇلاردا ئەزەلدىن ئىختىلاپلار بولۇپ باقمىغان دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ھەر بىر ئادەم مۇستەقىل تەن بولغاچقا، ئۇلاردىمۇ شۇنداق ئىشلار بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بەختلىك ئەر - خوتۇنلار پىكىرلىرى ئوخشىمىسىمۇ، يەنىلا قوللىشىدۇ.

تۇنجى قېتىم ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ ئادىمىڭىزنى كۆرگەندە، سىلەردە ئۆزئارا تارتىنىش بولغان. ئۇ، كۆرۈنۈشتە شۇنچە قىزىق، شۇنچە كۆيۈمچان كۆرۈنگەن. ھازىرقى سىلەر يەنىلا شۇ بۇرۇنقى سىلەر، لېكىن ھازىر قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى بايقاپ قالغاچقا، ئارتۇقچىلىقىنى كۆرەلمەيۋاتىسىلەر. مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز-



يىگىتلەر ھەرگىز قارىغۇ ئەمەس، پەقەت ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ يېتەرسىزلىكىگە توغرا پوزىتسىيە تۇتقان، ئوبيېكتىپ نەزەرى بىلەن قارىغان.

قارشى تەرەپنى كۆپرەك ماختاش كېرەك، شۇنداق قىلسىڭىز قارشى تەرەپ يەنىلا سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز ئىچىدە تۇرغاندەك بولىدۇ، بۇنداق قىلىش ئۇنىمۇ سىزنى ماختايدىغان قىلىدۇ.

**2. ھۆرمەتلەش.** توي قىلغان ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىدىن زوقلىنىشى كېرەككى، ھەرگىز بىر-بىرىنى كەمسىتمەسلىكى كېرەك. بەزى ئەر-خوتۇنلار ئاجرىشىپ كېتىشىدۇ، سەۋەب، ئۇلار قارشى تەرەپنى ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان نەرسە دەپ قارىغانلىقىدا، بۇنداق ئوي - پىكىر مۇھەببەتنى ۋەيران قىلىدۇ.

سىز يەنە قارشى تەرەپكە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلماڭ، مەسىلەن، «سەن نېمانچە دۆت - ھە!» دېگەندەك ئىزا - ئاھانەت سۆزلىرى قايناق نىكاھ تۇرمۇشىدا ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك سۆزلەردۇر. ئائىلىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش توغرىلىق ئېيتىلغان تەنقىدىي پىكىرلەر بولسا، قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. قارشى تەرەپنى ھۆرمەتلەش كېرەك، قانداقلا بولمىسۇن سىلەر تۇرمۇش قۇردۇڭلار، ئەگەر سىز قارشى تەرەپتىن قۇسۇر چىقىرىۋەرسىڭىز، بۇ ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزىڭىز چىقىشمىغانلىق بولىدۇ.

**3. كەڭ قورساق بولۇش.** ئىككى كىشى - مەڭگۇ مۇستەقىل تەن. ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئىككىيلەن ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىككىيلەن ماڭغان يوللىرىنى ئەسلەپ ئورتاقلىقىنى تېپىشى، قىلىۋاتقان ئىشنى ياكى پىكىر قىلىش يولىنى تويۇقسىز ئۆزگەرتىشتىن خالىي بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىز قارشى تەرەپنى ئۆزگىرىپ كەتتى دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويسىڭىز، مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىڭىز قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىككىلا تەرەپ ياخشى كۆرىدىغان پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئىككىلا تەرەپ خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، شۇنداقلا تىرىشىپ قارشى تەرەپ بىلەن ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى ئورتاقلاشتۇرالايدۇ.

**4. ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش.** ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان كىشى قارشى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەۋەتىشنى، قىممەت باھالىق سوۋغا تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، پەقەت قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە: «سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيلى، يالغۇز ئىككىمىزلا» دېگەندەك ئاددىي گەپلەرنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇنداق گەپلەر قارشى تەرەپنىڭ قەلبىنى يۇمشىتىدۇ.

مۇھەببەت رومانتىكلىققا چۆل سۇغا تەشنا بولغاندەك موھتاج. رومانتىكلىق - ئەر - خوتۇنلارنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشىدىغان قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر قەلبىدە ياخشى كۆرسىمۇ ئۇنى ئىپادىلىمەيدۇ، ھەرىكىتىدە كۆرسەتمەيدۇ. رومانتىكلىق بىلەن قىلىنغان بىر قول ئىشارىتىمۇ سوكۇت ئىچىدە تۇرغان تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ.

سىز قارشى تەرەپنى ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىدۇ، دەپ قارىماسلىقىڭىز كېرەك. ئەگەر مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلمىسىڭىز، قارشى تەرەپ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلمىغاندا، ئۇ سولىشىپ قالىدۇ، رومانتىكلىق سىزنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشىڭىزغا تېخىمۇ يارقىنلىق بېغىشلايدۇ.

**5. سادىق بولۇش.** سادىق بولۇش قارشى تەرەپكە ئاسانغىمۇ چۈشمەيدۇ، ھەر ۋاقىت ھەر يەردە ئېزىقتۇرۇشلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىز ئېزىقتۇرۇشقا يولۇققاندا، ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىشىڭىز كېرەك، چۈنكى ئۆزئارا مۇھەببەتنى سادىقلىق باغلاپ تۇرىدۇ. (04)

(سۇلايمان داۋۇت . ت)

# چېنىقىشقا سەل قارىماڭ

★ نىجات يۈسۈپ ★

ئالىملار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چېنىقىش ئارقىلىق راك كېسىلىگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**چېنىقىش بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.** نورمال ئەھۋالدا ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت (كېسەلگە قارشى كۈچ) سىستېمىسى غەيرىي ھۈجەيرىلەرنى بايقىيالايدۇ ھەم يوقىتىۋېتەلەيدۇ. ئىممۇنىتېت سىستېمىسى پائالىيىتى ئاجىزلاشقاندا، غەيرىي ھۈجەيرىلەر زور مىقداردا كۆپىيىدۇ. نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار چېنىقىش ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئالاھىدە ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى چېنىقىش قان ئايلىنىشىنى، ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلاپ، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى ۋە لىمفا ھۈجەيرىلىرىنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئادەم 10 - 15 مىنۇت ئاستا يۈگۈرسە، قاندىكى ئاق قان ھۈجەيرىلىرى %5 كۆپىيىدىغانلىقى بايقالدى. ئاق قان ھۈجەيرىلىرى بىلەن لىمفا ھۈجەيرىلىرى مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى قاندىكى راكقا قارشى يېڭى كۈچلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىدۇر.

**چېنىقىش راكنى پەيدا قىلغۇچى ئامىللارنىڭ بەدەنگە بولغان تەسىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ.** تەتقىقات ئارقىلىق تاماكا ئىسى بەدەندە ناچار ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقى، پەقەت چېنىقىش ئارقىلىق بەدەندىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەتكىلى بولىدىغانلىقى بايقالدى.

ئاساسەن چېنىقمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئاز بولغاچقا، ئوڭايلا بەدەنگە ياغ يىغىلىپ قېلىپ، قان تەركىبىدىكى ياغ مىقدارى كۆپىيىپ سەمرىپ كېتىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت چېنىققاندا، بەدەندىكى ياغنىڭ سەرپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ماددا ئالمىشىش يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ-دە، قان تەركى-







ىدىكى خولېستېرىن تۆۋەنلەيدۇ. بۇ، بەدەندىكى راك پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىگە پايدىلىق.

**چېنىقىش ئادەمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.** غەربىي گېرمانىيىدە ئوخشاش بولمىغان 8000 نەپەر راك ئاغرىقلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بۇ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان مەزگىللەردە كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقى مەلۇم بولغان. ھازىرقى زامان روھىي، جىسمانىي كېسەللىك تىبابىتى تەجرىبىلىرى: بىھۇدە جىددىيلىك، غەمكىنلىك، ھەسرەت چېكىشلەرنىڭ ھەممىسى ھورمونلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى تىزگىنلەپ، راك كېسەللىكى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

يۇقىرىقىلاردىن چېنىقىش ئارقىلىق راك كېسەللىكىنىڭ ھەر خىل ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنداقتا ھەر كۈنى ئەتىگەن ناشتىدىن بۇرۇن 20 ـ 30 مىنۇت چېنىقىشنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرسا، سالامەتلىكنى نورمال ھالەتتە ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىگەن سائەت 6 لەردە تۇرۇش كېرەك. كونىلاردا «كەچ يات، سەھەر قوپ» دېگەن گەپ بار، ئەتىگەنلىكى ھەرىكەتنى مەيلى ئۆيدە، سىرتتا بولسۇن، سىلىق، ئاستا ـ ئاستا باشلاش كېرەك، بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتى بەك كۆپ ۋە تېز بولۇپ كەتسىمۇ يۈرەككە زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن. سائەت سىگنال بەرگەندىن كېيىن دەرھال قوپماي يېتىپ تۇرۇپ بىر دەم ئويلىنىش ھەم بىر نەچچە قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىش، ئاندىن بەزى ئىجابىي ئىشلارنى ئويلاش، ئارقىدىن ئورنۇدىن تۇرۇش كېرەك. بۇنداق بولغاندا يۈرەككە پايدىلىق بولىدۇ.(04)

## جىنسىي كېسەللىك بىمارلىرى ئۈچۈن خۇش خەۋەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇتقا تېخنىكلىق يېتەكچىلىك قىلىش ئورنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسىغا دائىر تەتقىقات ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز ساھەسىدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورگاندىكى تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن «بوغدا ئامبولاتورىيىسى» ئەر ـ ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىكى، ئەرلەردىكى جىنسىي ئاجىزلىق، سۆزنەك، سىبىلىس ۋە باشقا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئامبولاتورىيە يەنە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورا بىلەن بالا چۈشۈرۈش، سۈنئەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. «بوغدا ئامبولاتورىيىسى» بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 153 ـ قورۇ يەنى رابىيە قادىر سودا سارىيى ئالدىدىن ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تەرەپكە 200 مېتىر ماڭسىڭىز بولىدۇ.

تېلېفون: 2306919

ئالاقىلەشكۈچى: **ئەركىن ھاشىم، ئەنۋەر ئەركىن**

# ئۆيدىن ھەيدەلگەن ئەر

(ھېكايە)

★ رۇسۇل ئىمىن ★

ئەتىسى چۈشۈپلا ئۆيگە ئالدىراش كېتىۋاتىمەن، ئەسلىدىمۇ يول ماڭسام ئۇنچە ئالدىراپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدىم. ئۆتكەندە خىزمەت ۋاقتىنى ئۆزگەرتىۋېدى، ۋاقتىدا ماسلىشالماي ئۇدا 2 كۈن كېچىكىپ قېلىۋېدىم، مۇدىرنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. قىرىشقاندەك 3 - كۈنى يەنە كېچىكىپ قالدىم. مائاش تارقاتقان كۈنى كاسسىر ئايال:

- مۇدىر مائاشىڭىزدىن 30 يۈەننى تۇتۇپ قېلىشىمنى تاپىلىغانتى، تۇتۇپ قالدىم-ھە، - دېدى چىرايىنىمۇ ئاچماستىن.

- چاقچاق قىلماڭە، - دېدىم راستلىقىنى سېزىپ تۇرساممۇ. دەپ بولۇپلا پۇشايمان قىلىپ قالدىم. چۈنكى بۇ ئايال ئادەم بار - يوق دېمەستىن ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرەتتى .

- ئوھۇش، ئىشىمنى تۈگىتەلمەي قالسام سىزگە چاقچاق قىلىدىغانغا كىمنىڭ ۋاقتى، - دېدى چىرايلىرىنى چىپەرقۇتتەك پۈرۈشتۈرگىنىچە. نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي بىر ھازا تېڭىرقاپ قالغاندىن كېيىن «ئەمدى ئايالىمغا قانداق جاۋاب قىلىمەن؟» دەۋەتكىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن. ئىشخانا ئىچىدە «پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى. چىرايى سىبىرىيىنى ئەسلەتكۈدەك كاسسىر ئايالمۇ كۈلۈپ تېلىقىپلا قاپتۇ.



ئۆزۈمنى دەرھال سىرتقا ئاتتىم. مائاشىمنىڭ كەملىكىنى سەزگەن ئايالىم دومسىيىپ يېتىۋېلىۋېدى، ئامالسىز ئالدىمغا پەرتۇق تارتىپ بىر ھەپتە ئاشپەز بولدۇم. شۇندىن كېيىن، يول ماڭسام ئالدىراش مېڭىشنى ئۆزۈمگە ئادەت قىلىۋالغان ئىدىم. ئايالىمنىڭ ماڭا تۈزۈپ بەرگەن بىر يۈرۈش «نىزام»لىرى بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچىسى، مائاشىمنى ئالغان كۈنۈمنىڭ ئۆزىدە بىرتىيىنىمۇ كەم قىلماي، تولۇقى بىلەن تاپشۇرۇش ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالغان چاغلاردا، چىرايىمغا سامان رەڭگىنى بېرىپ ئايالىمغا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتىم. ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىزگە (ئاتا - ئانامنىڭ ھالى چاغلىق بولغاچقا) قېيناتام ئۆي پۇلىنى تۆلۈۋەتكەنىدى. ئۇندىن كېيىن، ئايالىم «ھاراق ئىچمەيسەن، تاماكا چەكمەيسەن...» دېگەندەك بىر قاتار مەزمۇنلار بىلەن ھېلىقى نىزامنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى. ھاراقنىغۇ ئەزەلدىن ئىچىپ باقمىغان ئىدىم. لېكىن مۇشۇ كۈنلەردە ئىدارىدىمۇ، ئۆيدىمۇ يالغۇزلۇق، زېرىكىشلىك بىلىنىدىغان، ئىچىم سىقىلىپ تۇرمۇشۇمدا بىر نەرسە كەمدەكلا ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغان

ئىدىم.

كېتىۋېتىپ كاۋاپدانلارنىڭ ئالدىدا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلەرگە كۆزۈم چۈشتى. مۇشۇ هاراق دېگەن نېمىنىڭ تەمى قانداقراق بولىدىغاندۇ؟ شۇتاپتا ئىختىيارسىزلا هاراق ئىچكۈم كېپقالدى.. لېكىن ئايالىمنىڭ سوغاق چىرايى ئېسىمگە كېلىۋېدى، قەدەملىرىم ئىختىيارسىز هالدا تېزلىشىپ كەتتى. بازارنىڭ تازا ئاۋات يېرىگە كەلگەندە، زاسۇيچى خوتۇننىڭ ئۇستىلدە ئولتۇرۇپ ئىچىشكىلى تۇرغان ئاغىنىلەردىن بىر نەچچىنى كۆرۈپ قالدىم. بارايمۇ؟ بولدىلا، بېرىپ ئولتۇرۇپلا قويىدىغان بولسام، ئۆيدە «بوران چاپقۇنلۇق» بىر كېچىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىم ئېنىق. ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىمغا ئۇلار مېنى كۆرۈپ قالدى.

— ماڭە، ماڭە هەر قاچان خوتۇنىڭدىن قورقۇۋاتسەنغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇلاردىن بىرى ئالدىمغا كېلىپ، — ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا نېمە كەپتۇ راھىتەك ياشاپ. خوتۇنۇڭ غىدىڭ - پىدىڭ قىلىسۇاغۇ، مانا مەن بار. «راست ئەمەسمۇ، 15 كۈنلۈك ئالەمدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاغىنىلىرىم بىلەن بىر ئولتۇرۇۋالامدىم. خوتۇنۇم قاقشايدىغان بولسا، ئۆزۈمنى بىر كۆرستىپ قويىمامدىم...»

پۇچۇق چىنىدىكى غەلىتىلا پۇراق چىقىپ تۇرغان هاراقتا قارغىنىمچە ئىككىلىنىپ قالدىم.

— ئىچە، بەز مارىغان مۇشۇكتەك قاراپ تۇرماي...

— ئىچەۋا ئاداش، ئۆلتۈرۈپ قويسا، تاۋۇتىڭنى كۆتۈرىدىغان ئوغۇل باللار ئولتۇرۇپتۇ مايەردە، خوشە!

كۆزۈمنى يۇمۇپلا چىنىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتىم. ياللا! زەھەركەنغۇ - زەھەر، بىر بوتۇلكىغا چۈشىندەك ئولىشىۋالسا، ھەسەلدەك تاتلىق نېمە ئوخشايدۇ دەپتىمەن... قاتتىق قېقىلىپ، كۆزلىرىمدىن پۇرچاقتەك ياشلار ئېتىلىپ چىقتى.

3 - رومكا هاراقنى ئىچىپ بولۇشۇمغا ئىچىمدىن ئاچچىق بىر خىل سۇيۇقلۇق يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىمغا ئېگىشكىنىمچە يۇگۇرۇشكە باشلىدىم... «گۈرس»قىلغان ئاۋاز بىلەن بېشىم زىڭىلداپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، كەينىمگە ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. ئۆزۈمنى ئوڭشاپ قارىسام، بەستلىك بىرسى هومىيىپ تۇرۇپتۇ. كۆزۈڭگە قاراپ ماڭسالڭ بولمامدۇ، ئاناڭنى... ئۇ غەزەپ بىلەن بىر مۇشت ئاتتى، قورقۇپ كېتىپ تۈگۈلۈپلا قالدىم. بويۇم پاكار بولغاچقىمىكىن، مۇشت تەگمەي ئۆتۈپ كەتتى. قېنىم قىزىپ تۇرغان چاغدا، ئاچچىقىمنى باسالماي، ئۇنىڭ تۇمشىقىنى چەنلەپ تۇرۇپ بىرمۇشت ئاتتىم. ھېلىقى دارازا ئاغزىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. بارماقلىرى ئارىسىدىن شۇرۇلداپ قان ئېقىۋاتاتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغان شۇ پەيتتە بىرسى «توختا!»دەپ ۋارقىرىدى. مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ساقچىنى كۆرۈپ بەدەر قاچتىم. تۇتۇلۇپلا قالسام جەرىمانە تۆلەيدىغانلىقىم ئېنىق. جەرىمانىنىغۇ تۆلەرمەن، لېكىن ئۆيگە بېرىپ... ئادەم شالاڭ كوچىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، ساقچىمۇ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. «تاينلىق، خىزمەت كۆرستىپ مۇكاپات ئالاي دەيسەنغۇ» يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ پاكارغىنە بىر تامغا تۇسۇلۇپلا قالدىم. كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى-دە، تامدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپلا بەلۋېغىمنى يېشىپ موكلا قىلىپ ئولتۇرۇۋالدىم. ساقچىمۇ تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى، قارىسام، ئەلپازى يامان. بازغاندەك مۇشتلىرى بىلەن بېشىمغا ئۇرۇپ يەرگە كىرگۈزۈۋېتىدىغاندەكلا.

— توختا دېسەم، توختىماي نېمشقا قاچىۋېرىسەن؟

— ھە... بۇ... سوجاڭ قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ...

— خۇپسەنلىك قىلما، قورسىقىڭ ئاغرىپ كەتسە،

ئاستىڭدىكى تېزەك قۇرۇق تۇرىدىغۇ؟

— قارىسىلا سوجاڭ، سىلىدىن بەك قورقۇپ كەتكەچكە، قۇرۇق چىقىرىۋەتكەن ئوخشايمەن، ھى، ھى...

ساقچىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇ بىردىنلا كۈلكىسىنى توختىتىپ:

— 50 يۈەن جەرىمانە تۆلە، — دېدى قاپىقىنى تۈرگىنىچە...

— ھاراق ئىچىپسىز — ھە، — دېدى ئايالىم ئۆيگە كېلىپ تۇرۇشۇمغىلا.

— ھە، ئىچتىم، ھاراق ئىچكەنگە نېمە بولاتتى.

— ئىچمەڭ دېسە، نېمىشقا ئىچىسىز؟

— نېمىشقا دەمسىز؟ ئىچكىم كېلىپ ئىچتىم، — دېدىم كۆرەڭلىك بىلەن.

ئايالىم مېنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، مېنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ماشاشچۇ؟ — دېدى قولنى تەڭلەپ.

— نېمە دېسىڭىز «ھە، ماقۇل» دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان سايىماخۇن ئەمەس جۇما مەن، ئۆزۈمنىڭ ماشاشىغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ نوچى، — ئايالىمنىڭ چىرايى بايىقىدىنمۇ بەكرەك ئۆزگەردى. سوغۇق نۇر چىقىرىپ تۇرغان كۆزلىرى ياقامغا تىكىلىپ قالغانىدى، — بۇ نېمە؟

— قايسى؟ — دېدىم ئۆزۈمنى سەل تۇتىۋېلىپ، گېپىم ئاخىرلىشا — ئاخىرلاشمايلا ئولجىغا تاشلانغان يولۋاستەك ئېتىلىپ كەلگەن ئايالىم كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىنى كۈچ بىلەن تارتتى. كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ئايالىمنىڭ غەزەپلىك تىترەپ تۇرغان قولىدا ئىتنىڭ تىلىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— مانا، بۇنى دەۋاتىمەن، — دېدى ئايالىم كۆڭلەكنىڭ ياقىسىدىكى سۇس قىزىل داغنى كۆرسىتىپ.

— ئېيتە، قايسى پاسكىنا بىلەن ئاپاق- چاپاق بولۇپ يۈردۈڭ؟ ھېلىقى قىزىل داغنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى دەماللىققا بىلەلمىدىم.

— ھە، گەپ قىلىڭ نوچى، باياتىن بېرى كۆرەڭلەپ كېتىۋېدىڭىز، ئەمدى بۇتتەك قېتىپلا تۇرىسىزغۇ؟

— ھە، بۇ...

— تىلىڭىزنى چاينىماي، تېز بولۇڭ، — ئايالىمبۇرنۇمنىڭ ئۇچىغا كىرىپ كېتىدىغاندەك يېقىن كەلدى. غەزەپتىن نېپىز لەۋلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — ھېلى بىكا قۇلىقىڭىزنى يۇلۇپ، قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ قويماي يەنە.

ئايالىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدىم.

— ئىزا تارتماي كۈلۈۋاتقىنىنى تېخى بىزەڭنىڭ... ئاشنا دېگەننىچۇ، مەنلا ئويناپمەن دەپ ئويلاپ قالما، قاراپ تۇر، ئاشنا دېگەننى قوشلاپ تۇتۇپ ئىچىڭدىن قان كەتكۈزىۋېتىمەن، قان...

ئايالىمنىڭ قاراپ تۇرۇپلا يولسىزلىق قىلىۋاتقىنىغا غۇزۇبىدە ئاچچىقىم كەلدى. راست گەپنى دېسەم، ئايالىمغا سادىق بولىمەن دەپ، ئايال زاتىغا تىكىلىپ قارىغان بەندە ئەمەس ئىدىم. مانا ئەمدىلىكتە ئاچچىقىمغا پايلىماي ئايالىمنىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالدىم. ئۇ دەسلەپتە نېمە بولغىنىنى بىلەلمىگەندەك بىر دەم تېڭىرقاپ قالدى، ئاندىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يىغلىغىلى تۇردى. بۇندىن بۇرۇن ئايالىمنى ئۇرماق تۈگۈل ھەتتا ئالىيىپمۇ باقمىغان ئىدىم. مانا ئەمدى... يىغلاپ ياتقان ئايالىمنى بەزلەپ باقاي دېدىم-يۇ، لېكىن، بىر تەرەپتىن ئەرلىك غۇرۇرۇم ئۈستۈن كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن بەزلىگەنسېرى بېشەملىك قىلىدىغان مىجەزىنى بىلگەچكە جىم تۇرۇۋەردىم. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ يىغىدىن توختىتىدى-دە، نەپرەتلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە غەزەپلىك ۋارقىرىدى:

– چىق ئۆيدىن! كۆزۈمدىن يوقال!

دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. باشقا خوتۇنلارمۇ ئەرلىرىنى مۇشۇنداق ھەيدىۋېتەمدىغاندۇ؟ دېگەن خىيال كاللامغا كېلىۋالدى.

خوتۇنۇمنىڭ ئاتىسى ئېلىپ بەرگەن ئۆيدە ئولتۇرغاندىكىن ماڭىمۇ ئاز. مۇشۇ كۈنلەردىمۇ بىر قىسىم ئەرلەر ئاياللارغا، ئاياللار بولسا ئەرلەرگىلا ئوخشاپ كېتىۋاتىدىغۇ - تاڭ. بەلكىم ئەر - خوتۇن ئىككىمىزمۇ... كوچىدا كېتىۋېتىپ خورلۇق دەستىدىن يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدىم. بىردىنلا كۆڭلەكنىڭ ياقىسىدىكى قىزىل داغنىڭ ھېلىقى دارازىدىن چىققان قاننىڭ يۇقۇندىسى ئىكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. لېكىن ئەمدى ئايالىمغا بۇلارنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى.

قەيەردە، كىملەر بىلەن ئولتۇرۇپ قانچىلىك ھاراق ئىچتىم؟ بىلمەيمەن. سەل ئېسىمگە كەلسەم، بىر قىز بىلەن كىنوخانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. قىزنىڭ يۈزلىرى قانسىز بولۇپ، خۇددى ئاق سىردا سىرلاپ قويغاندەكلا ئىدى. دەلدەڭشىپ جايىمدا تىنچ تۇرالمايۋاتاتتىم، بېشىم ھەدەپ ساڭگىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا نېمە دېدىم، بىلمەيمەن. ھېلىقى قىز پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ، يېنىمغا كەلدى - دە، قولتۇقۇمدىن يۆلەپ مېڭىشقا تەمشەلدى. دەل شۇ چاغدا، بىرغېرىچ دېگۈدەكلا يوپكا كىيىۋالغان بىرقىز يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى ماڭا سۈركىدى. بۇرنۇمغا ئىنتايىن كۈچلۈك بىرخىل خۇش پۇراق ئۇرۇلدى. ئايىغىنىڭ پاشنىسى چوكىدەك ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن ئىدى. «يول ماڭغاندا قىيىنىلىپ قالامدىغاندۇ» دېگەنلەرنى ئويلاۋېتىپ بىردىنلا ئۇنىڭ ئاپئاق، تولغان يوتىسىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى - دە، يۈرىكىم شىددەت بىلەن سوقۇپ كەتتى.

– بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، – دېدى ئۇ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ، – سىزنى چوقۇم رازى قىلىمەن.

مېنى قولتۇقلاپ تۇرغان قىزنى تاشلاپ، ئۇ قىز بىلەن مېڭىپ كەتتىم، كەينىمىزدە قالغان ھېلىقى قىز ئىنتايىن ئەپسانە تىللار بىلەن يېنىمدىكى قىزنى تىللاشقا باشلىدى. يېنىمدىكى قىزمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتە تىللار بىلەن ئېغىزلاندى. 2 قىزنىڭ مېنى دەپ تىللىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ «قالتىس بىر ئەر بولسام كېرەك» دەپ ئويلاپ، باشقىچىلا خۇش بوپكەتتىم. كېتىۋاتىمىز، تار، ئەگرى - بۈگرى كوچىدا كېتىۋاتىمىز. كاساپەت بېشىم بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ پەسكە ساڭگىلاپ كېتىۋاتاتتى. «ھاراقنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى باشنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، بويۇن ئومۇرتقىسىنى پىلىكتەك يۇمشىتىۋېتىش بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدىم. پۇتلىرىم ئالمىشىپ مېڭىشىم بارغانسېرى تەسلەشمەكتە. يولنىڭ ناچارلىقىچۇ تېخى... ھېلىقى قىز مېنى سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەكلا ئەپكېتىۋاتاتتى. «بۇ قىز شۇنچە كۈچەپ، مېنى قەيەرگە ئاپىرار؟ ساقچىغىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگىمۇ؟ بوپتىلا، قەيەرگىلا ئاپارسا ئوخشاش ئەمەسمۇ، ئۆيۈمدىن ھەيدەلگەن ئىكەنمەن ھامىنى ياتىدىغان جاي تاپىدىغان گەپ»، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. يېنىمدىكى قىزغا بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىۋېتىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتكىنىمنىمۇ سەزمەي قالدىم. قىز مېنى يۆلەپ كېتىۋېتىپ باشلىرىمنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلايتتى. يۈزۈمگە ئېقىپ چۈشكەن ياشلارنى سۈرتەتتى. مەنزىلگە ھېچ يېتىپ باراي دېمەيتتۇق.

بەدەنلىرىم بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، جايىمدىلا يېتىۋالغۇم كېپكەتتى. لېكىن ناتونۇشلا بىر قىزنىڭ ئالدىدا بۇنداق قىلىشقا يۈزۈم چىدىمىدى. تار، ئەگرى - بۈگرى بۇ كوچا بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ، ماڭغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى...(08)

(راخمان ئوبۇل فوتوسى)

## «رېلىن گۈلى»

جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئامازون دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق ۋە سازلىق بەلۋىغىدا «رېلىن گۈلى» دېيىلىدىغان بىر خىل قورقۇنچلۇق ئۆسۈملۈك ئۆسىدىكەن. بۇ خىل گۈلنىڭ يوپۇرمىقى ناھايىتى سەزگۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ناھايىتى مەزمۇت ئىكەن. ئەگەر بىرەرسى گۈلنى ئۈزمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ غولى، يوپۇرمىقى ياكى گۈل بەرگىگە تېگىپلا كەتسە، ئىنچىكە يوپۇرماقلار ناھايىتى تېزلا يۆگىشىپ كېلىپ، ئۇنى قاتتىق چىرمىۋالىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا، گۈل غۇنچىلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۆمۈلەپ يۈرگەن ئۆمۈچۈكلەر بىر توپ بولۇپ، مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ئادەمگە ھۇجۇم قىلىدىكەن-دە، ئادەم بەدىنىنى پاك - پاكىز يەۋېتىدىكەن. رېلىن گۈلى نېمە ئۈچۈن ئۆمۈچۈكنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلايدۇ؟ ئەسلىدە ئۆمۈچۈكنىڭ گەندە - سۈيدۈكلىرى رېلىن گۈلىنىڭ ئالاھىدە ئوزۇقى ئىكەن.شۇڭا، رېلىن گۈلى بار يەردە چوقۇم ئادەم يەيدىغان ئۆمۈچۈك بولىدىكەن. (07)

(ئايگۈل . ت)

## «سادالىق تاش كەنتى»

جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ چۈگرېن ناھىيىسىگە قاراشلىق جاڭفاڭ يېزىسىدىكى شاڭشەن تېغىنىڭ قاپتىلىدا تەبىئىي «سادالىق تاش كەنتى» بار ئىكەن. بۇ كەنتتە بىر تاش بولۇپ، ئۇرسا ياڭراق سادا چىقىرىدىكەن. سادالىق تاشنىڭ ئېگىزلىكى 2.1 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىر، كەڭلىكى 3.6 مېتىر بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر ئىز بار ئىكەن، تاشنىڭ ئۈستى كەڭ، ئاستى تارراق بولۇپ، ئۈستى قىسمى دومباققا ئوخشايدىكەن. ئۈستىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا قايچا شەكىللىك سىزىق بار ئىكەن، بۇ تاشنىڭ نېمە سەۋەبتىن سادا چىقىرىدىغانلىقى ھازىرغىچىلىك بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا. (07)

(ئايگۈل ئادىل . ت)

## سېمىزلىك جىنايىتى

ئامېرىكىنىڭ دېترويت شەھىرىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى سېمىز ئادەم - جورگىسقا يېقىندا تۈرمىدە يېتىش جىنايىتى بېكىتىلگەن. سەۋەبى شۇكى، ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ يەپ - ئىچىپ، ئامىمغا «تەھدىت» سالغان. بۇ تەھدىت تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن:

ئاز دېگەندە 6 قېتىم ماشىنا ھەيدىگەندە، قورسىقى ماشىنىنىڭ رولىنى توسۇۋالغاچقا ماشىنا كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، يولۇچىلارغا ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلغان؛

يول ماڭغاندا يىقىلىپ چۈشۈپ يولۇچىلارغا ئاڭسىز ھالدا ئېسىلىۋېلىپ 3 ئادەمنى زەخىملەندۈرگەن. بۇلارغا ئاساسەن، سوتچى بەدەن ئېغىرلىقى 190 كىلوگرامغا يەتكەن جورگىسنى تۈرمىدە مەجبۇرىي ئورۇقلىتىشنى قارار قىلغان. (07)

(ھۆرلىقا غوجىئەخمەت . ت)

## ماچېڭدىكى بىر قىزنىڭ ...

خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ماچېڭ شەھىرى چاڭلىڭگاڭ يېزىسى ياڭلۇخې كەنتىدىكى 9 ياشلىق قىز تاڭ جېنىنىڭ قورساق تېرىسى ئىنتايىن نېپىز بولۇپ، خۇددى بىر پارچە سۈزۈك سۇلياۋ بىلەن قورساقنى توسۇپ قويغاندەك تۇرىدىكەن. قورسىقى ئاغرىمايدىكەن ھەم قىچىشمايدىكەن.

تاڭ جېنىنىڭ دادىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، تاڭ جېن تۇغۇلغان ۋاقىتتا كىندىكىنىڭ ئەتراپى تېخى پۈتمىگەن بولۇپ، بىر كىچىك تۆشۈك بار ئىكەن.

كېيىن كۆپ تەرەپلىمە داۋالىتىش ئارقىلىق كىچىك تۆشۈك ئاستا - ئاستا پۈتۈپتۇ، لېكىن قورسىقىنىڭ تېرىسى نېپىز بولغانلىقتىن، ئىچكى ئەزالىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. (07)

(ھۆرلىقا غوجىئەخمەت . ت)

## بىر چاغلار...

پاتىگۈل سەمەت

بىر چاغلار ئامرىقىم جىگدە تۈۋىدە،
دېيىشكەن ئەبەدكە ئۆتمەس ئىناق.
رىقىبلەر توسالغۇ بولالماس بىزگە،
ئارىغا ياقىسمۇ تۆھمەتتىن چىراغ.

بىر چاغلار كۆزلىرىڭ سىرلىق، خىيالچان
ئۆرتىگەن قەلبىمنى قىلغانتى كاۋاپ.
يېنىمدىن ئۆتسەڭلا خۇددى تەگرىدەك،
مۇقەددەس ئىزىڭنى قىلاتتىم تاۋاپ.

بىر چاغلار زادىلا چىقماس ئېسىمدىن،
ماڭغانتۇق قول تۇتۇپ، تۈننىڭ باغرىدا.
سەزمىگەن ئاڭلانسا ئىتنىڭ ئاۋازى،
سەزمىگەن تاڭ ئېتىپ توخۇ چىللىسا.

سۆزلىسەڭ كەلگۈسى ئىقبال ئۈستىدە.
كېتەتتى كۆزلىرىڭ بەكمۇ نۇرلىنىپ.
چېچىمنى سىيلىساڭ قوللۇرۇڭ بىلەن ،
كۆيەتتى تەنلىرىم گويا چوغ بولۇپ.

ئەتىرگۈل بەرگىمۇ سولاشتى بۈگۈن،
يۈرەككە ئورنىدى يوقالماس داغلار.
ئۇنتۇلساڭ ئۇنتۇۋەر ئىختىيار سەندە،
بىراق مەن ئەسلەيمەن يەنە بىر چاغلار...



## ئۇيغۇر قىزى

مەنرۇزى ئابدۇكېرىم

ئۇيغۇر قىزى،
ئايدەك يۈزى.
جانغا ئىلھام،
بالدەك سۆزى.

ئۇيغۇر قىزى،
پەرى ئۆزى.
چولپان كەبى،
نۇرلۇق كۆزى.

ئۇيغۇر قىزى،
ياغاچ ئۆزى،
قالدى دىلدا،
ئوتنىڭ ئىزى.

## تېڭىرقاش

بېلقىز ئەمەت

يۈرىكىم تەكتىدە ئويغانغان باھار،
ياشلىقىم شېخىدا قويدى غورىلاپ.
ئارمانلار جىلۋىسى نۇرلۇق تاڭلارغا،
ئېھ، قايناق ھېسلارنى كەتتى ئوغرىلاپ.

يۈرىكىم تەكتىدە ئويغانغان باھار،
مەنزىلىم بېغىدا چىقىرارمۇ بىخ.
ئەقىدە تۇپرىقى قالسا شورلىشىپ،
غورىلار شاخلاردىن تۆكۈلەرمۇ ئېھ!



تۈنلەردىن قايتىمدى گۈزەل چۈشەكەش،
يۇلتۇزلار لەۋلەرگە قويدى چېچەكلەپ.
تۇيغۇلار ئۇيۇقتا كەتكەچكە سىڭىپ،
ياسنۇقلار باغرىمدا قالدۇ لەيلەپ.

## نىگار ساڭا كۆيگەنلىكىم راست

مەمتىمىن ئۆمەر

يۈرىكىمنى سۇندۇم ئەي نىگار،
قىلامسەنكىن سەن ئۇنى قوبۇل.
ئېسىڭدە تۇت كۆيسەممۇ گەرچە،
بولالمايمەن لېكىن ساڭا قۇل.

نىگار ساڭا كۆيگەنلىكىم راست،
شۇڭا سەنچۇن بېرەلمەيمەن جان.
ئۇنتۇمايمەن سېنى ئەبەدى،
چۈنكى سەندە يۈرىكىم قالغان.

مەيلى سېنى سۆيمەي قانچىلىك،
كۆنەلمەيمەن خورلاشلىرىڭغا.
چىدالايمەن مېنى چىن سۆيسەڭ،
قانلىرىمنى ئۇتلاشلىرىڭغا.



تەھرىرى: 09
(ئابدۇكرىم
ئابدۇمجىت)

## ناخشا

ئابدۇرېھىم يۈسۈپ

ناخشا ئۇ خەلقنىڭ ئىپتىخارىدۇر،
ناخشا ئۇ خەلقنىڭ غۇرۇر، ۋىجدانى.
ناخشا ئۇ خەلقنىڭ زۇلپىقارىدۇر،
ناخشا ئۇ خەلقنىڭ ئىزگۇ، ئىمانى.

ناخشا ئۇ خەلقنىڭ ئۈمىد، ھەسرىتى،
ناخشا ئۇ خەلقنىڭ ھاياتى ـ جېنى.
ناخشا ئۇ خەلقنىڭ پىكىر ـ خىيالى،
ناخشا ئۇ خەلقنىڭ ئەركى مىسالى.

## تەنها يۇلتۇز

ئىبراھىم نىياز

ھەسرىتى سەن بويتاق ئايالنىڭ،
ئۇنتۇلسەن كۆلكىنى پات ـ پات.
سۆيگۈندىن ئايرىلغان قىزدەك،
جاراھەت بار كۆڭلۈڭدە قات ـ قات

ئالالمايسەن كۆڭلىنى ئەمما،
خالىغاندا بويتاق ئايالنىڭ .
بويتاق ئايال ئۆيدە تەنها،
ئېتىشنى كۈتمەكتە تاڭنىڭ.

## يۈرەكسىز ئۆلۈش

گەخمەتجان يۈسۈپ (سەرداھى)

ھايات ئۇ بەربىر ئۆلۈمگە يەمچۈك،
ئەڭ تاتلىق خىيالدۇر مەڭگۈلۈك سۆيۈش.
قەبرىغۇ قايغۇسىز جىمجىت رېستوران،
ئەڭ ئاچچىق ئازابتۇر يۈرەكسىز ئۆلۈش.

ئەڭ ئاچچىق ئازابتۇر يۈرەكسىز ئۆلۈش،
كىمكىنە مېنىڭدىن يۈرەك سورىغان؟
ئۆتتۈپلا پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ھەم،
كىمكىنە نازلىنىپ، سۆيۈپ قويىغان؟

كىمكىنە نازلىنىپ، سۆيۈپ قويىغان...؟!
قەلبىمدە بىر تالاي ھەسرەت، ئۆكۈنۈش.
گۈل يۈزلۈك قىزچاقنىڭ ۋەدىسى يالغان،
ئاھ، ئەجەب تەس كەلدى يۈرەكسىز
ئۆلۈش...!

## قاردىكى قىز

توختەم ئىمىن

قار ئۇچقۇنى،
چۈشەر قىزنىڭ ئۈستىگە.
خىرۇستاللاردىن،
مۇز زەنجىرى،
ھاسىل قىلار كىرپىكلەر.
شۇۋىرغان،
گۈرزە ئۇرغاندەك،
سانجىپ ئۆتەر مەڭزىگە.
ماكانسىزمۇ ئۇ —
تۈنجى ئىزنى،
سېلىپ ئۆتەر قارنىڭ ئۈستىگە.
ياكى ئۇ —
پېرىشتىمۇ...
قاچامدىكىن ئۆيىگە!!...
بەلكىم —
مۇئەللىمدۇر ئۇ،
بارچە جەبرىنى —
راۋا كۆرگەن ئۆزىگە.

## ھىجران چۇقانى

مەريەم ئېزىز

ئۇرۇنسامىمۇ ئۇنتۇشقا قانچە،
ئۇنتۇلمىدىم سېنى مۇھەببەت.
يۈرىكىمدەك دەردمەن شامالدىن،
سالامىمنى ئەۋەتتىم بىر رەت.
بەلكىم سوغۇق تىترەپ قويارسەن،
يۈرىكىمنى تونۇغان ھامان.

ئەسلىمەڭگە كىرەرمەن ساقىپ،
دىل خانەڭدە بولۇپ مەڭگۈ سان.
تاماكاڭنىڭ ئاچچىق ئىسىدا،
غەمكىن سىما كۆرۈنسە خىرە،
ئۇرۇنغانسەن ئۇنتۇشقا، ئەمما-
ئۆتمۈشىڭگە سالغانسەن گىرە.
تاتلىق جېنىڭ تويدۇرغاندۇ جاق.

لېكىن يەنە تۇتقانسەن ئۈمىد،
ياسىغانسەن ئۇزۇن تۈنلەردىن،
مۇھەببەتكە ھەققىي تەقلىد.
ئېچىۋاتقان قاڭسىق پىۋاڭغا،
چۆكۈپ كەتتى بەلكىم ئەسلىمەڭ،
ئېچىۋەرگىن، ئېچىۋەر جېنىم،
بۇمۇ مېنى ئەسلىگەنگە تەڭ!



## توي خاتىرە كۈنى

كېرىمجان سۇلايمان



ئېچىرقىغان روھىم شۇ قەدەر،
تەمە قىلار سۆيگۈدىن بىر نان.
تورۇندىسى كۈلرەڭ ئازابنىڭ،
دۆۋە - دۆۋە بولماقتا خامان.

تەنھالىقنىڭ تۈگمىنى ئىچىدە،
غېرىبسىنغان مەن بىرمويسىپىت.
ئۈگۈت قىلىپ ئەستىلىكلەرنى،
ئۇن تاسقايمەن ئولتۇرۇپ جىمجىت.

تويدىن كېيىن سېنى، ئېھتىمال،
قىلىپ قويدى ئۇنتۇغاق تۇرمۇش.
سەن ئۇنتۇلساڭ بۈگۈننى ئەركەم،
مەن نەي بولۇپ كۈيلىگەن قومۇش.



▲ كىم كىمدىن قورقىدۇ



▲ كۆپۈكنىڭ ئەزىيى



▲ تېيىسىز



▲ غوجامنىڭ غوجىسى بار



↑ كۆل مەنزىرىسى



↑ يول



↑ دەرەخلىق ئېقىن



↑ يېزا يولى



↑ كەچكى شەپەق



↑ تېنىمسىز دەريا

ئۆمەرجان ھېيتنىڭ مەنزىرە
سۈرەتلىرىدىن تاللانما

گۈزەل تاغلار ۋە باغلار



پوچتا نومۇرى: 830002
باھاسى: 2.35 يۈەن
خەلقئارا نومۇرى: ISSN 1002—9109
دۆلەتلىك نومۇرى: CN65—1029/C

**قەدەم تەش- رىپ قىلىڭ**

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى قىزىلتاغ يېنىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىراق. يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى خىزمەت بىناسىنىڭ 3- قەۋىتىدە

**تېلېفون بېرىڭ**

باش مۇھەررىر: 2818446
ئۇيغۇر بۆلۈمى (1) 2817081
ئۇيغۇر بۆلۈمى (2) 2825064
رەسساملار بۆلۈمى: 2816109
خەنزۇ بۆلۈمى: 2817079
مەمۇرىي بۆلۈم: 2818445

**ئەسەر ئەۋەتىڭ**

ئادرېسىمىزنى كونۇۋېرتقا مۇنداق يېزىڭ: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9- قورۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

**مۇشتەرى بولۇڭ**

ژۇرنىلىمىزغا 360 كۈنلۈك ھەممىدە مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ. ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.